شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر ئەپكارى
DOĞU TÜRKISTAN ULEMALARI DERNEĞI YAYINLARI
منشورات وأفكار اتحاد علماء تركستان الشرقية
PUBLISHER OF THE EAST TURKISTAN MUSLIM SCHOLARS ASSOCIATION

2020/1
ئومۇمىي: 1 - سان

# ئۆلىمالار

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى

يېرىم يىللىق دىنىي ژۇرنال

قل هل يستوي الذين يعلمون والذين لا يعلمون




- د.ئابدۇسسالام تەكلىماكانى
  سائادەت ئەسرىدە يۇتۇلگەن ھەدىسلەر
- ئابدۇرراھمان جامال كاشغەرىي
  ئۆلىمالارنىڭ ئورنى، ۋەزىپىلىرى ۋە ئەخلاقى
- ئابدۇرېھىم دۆلەت
  مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم-پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى
- ئۇبۇلقاسىم ئەھمەدى
  نەپسىنى پاك قىلىش چۈشەنچىسى
- مۇھەممەد يۇسۇپ
  ئىسلام فىقھى ۋە ئىسلام مەدىنىكى مەزھەپلەر
- مۇھەممەد نۇر ھەمدان
  جەمئىيەت ۋە شەخس ھاياتىدا ئەۋلالىق چۈشەنچىسى

إنما يخشى الله من عباده العلماء

# ئۆلىمالار

✳«شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» قارىمىقىدىكى يېرىم يىللىق قەرەللىك دىنىي، ئىلمىي ژۇرنال✳

2020

1- سان

(ئومۇمىي 1-سان)

**ژۇرنال مەسئۇلى:**

دوكتور ئاتاۋۇللا شاھىيار

**باش مۇھەررىرى:**

مۇھەممەد يۈسۈپ

بسم الله الرحمن الرحيم

## ✳ مۇندەرىجە ✳

✳ ھەدىسلەرنىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلىش باسقۇچى..............
د. ئابدۇسالام تەكلىماكان 5

✳ نەپسىنى پاك قىلىش چۈشەنچىسى..............
ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى 14

✳ ئىسلام فىقھىسى ۋە ئىسلامدىكى مەزھەپلەر..............
مۇھەممەد يۈسۈپ 28

✳ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم-پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى..............
ئابدۇرېھىم دۆلەت 45

✳ ئۆزىمىزگە خاس مەدرىسە بەرپا قىلايلى..............
ئاتاۋۇللا سەئىد 62

✳ ئۆلىمالارنىڭ ئورنى ۋە ئەخلاقى..............
ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى 77

✳ ئىختىلاپ ۋە ئۇنىڭ ئەدەپلىرى..............
ئابدۇكېرىم ھۈسەيىن 88

✳ جەمئىيەت ۋە شەخس ھاياتىدا ئاۋۋاللىق چۈشەنچىسى..............
مۇھەممەد نۇر ھەمدان 101

**تەھرىر ھەيئىتى :**

د. ئابدۇسالام تەكلىماكان

د. ئابدۇرېھىم دۆلەت

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى

ئابدۇلئەھەد ھاپىز

ئابدۇلئەھەد ئۆجات

تاھىرجان ئابباس

ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

02125403113

Kemal Paşa Mahallesi Biga sokak No. 27 D. 5 Sefaköy, Küçükçekmece, İstanbul

http://www.olimalar.org

olemalarjournili@gmail.com

# ژۇرنىلىمىز ھەققىدە

ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر!

ژۇرنىلىمىز «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، چەتئەلدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش ۋە دىنىمىزنى توغرا يوسۇندا چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دىنىنى ۋە ئانا تىلىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ.

دىنىمىز بىلەن تىلىمىز مىللىتىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇق ئومۇرتقىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار تۇرۇۋاتقان مۇھىتنىڭ تەسىرىدە ئېرىپ يوق بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، دىنىنى ۋە ئانا تىلىنى قوغداش ئىنتايىن مۇھىم. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى تۈرلۈك مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلىپ يارىتىش بىلەن بىرگە ئۇلارنى ئۆزىگە خاس تىل ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئانا تىلغا بولغان مۇھەببەت ئاللاھ تائالاغا بولغان سەممىيەتنىڭ ۋە شۈكۈرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ بۇ نۇقتىنى ياخشى ئويلىنىشى، ئۆز دىنىغا ۋە ئانا تىلىغا بولغان سەزگۈرلۈك ۋە مۇھەببەتلىك تۇيغۇلىرى بىلەن بۇ ژۇرنالنى ئوقۇشى، ئائىلىسىدە ساقلاپ قويۇشى، بالىلىرىغا ئوقۇتۇشى ۋە قىممەتلىك ئەسەرلىرى ۋە پىكىر ـ تەكلىپلىرى ئارقىلىق ژۇرنالنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇشى، قولىدىن كېلىشىچە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

بۇ ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ يەنە بىرى، ۋەتىنىمىز ۋە چەتئەللەردە دىنىي ساھەدە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە قىلىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا ئوي ـ پىكىرلىرىنى بايان قىلىش ۋە يۈرەك تۇيغۇلىرىنى خەلقىمىزگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن سەھنە ھازىرلاپ بېرىش. شۇنداقلا دىنىي ساھەدىكىلەرنى ئۆز ئارا چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش مۇنبىرى بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت.

ژۇرنىلىمىزدا ئەقىدە، ئەخلاق، ئىبادەت ۋە مۇئامىلە... قاتارلىق تېمىلار ئەھلى سۈننەتنىڭ يولى ۋە ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى بويىچە يورۇتۇپ بېرىلىدۇ، شۇنداقلا «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى»نىڭ مۇھىم پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ، پەتىۋالار بېرىلىدۇ. كەڭ ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پىكىر - تەكلىپ بېرىشىنى ۋە يېقىندىن قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

—— «ئۆلىمالار» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# ھەدىسلەرنىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلىش باسقۇچى



د. ئابدۇسالام تەكلىماكان

ھەدىس ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز، ھال ـ ھەرىكەت ۋە ئىش ـ ئىزلىرىنى، شۇنىڭدەك ئۇ زاتنىڭ باشقىلارنىڭ سۆز ۋە ھال ـ ھەرىكىتىگە قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى كۆرسىتىدىغان ئومۇمى بىر ئاتالغۇدۇر.[1]

ئون تۆت ئەسىر ئاۋۋال سۆزلەنگەن ياكى بولۇپ ئۆتكەن بۇ ھادىسىلەرنىڭ ئەڭ ساغلام ۋە ئىشەنچلىك مەنبە ئاساسىدا ئىلمي ئەمگەك ۋە ئاكادېمىك تەتقىقات خىزمىتى بويىچە توپلىنىپ، بۈگۈنگە قەدەر يېتىپ كېلىشى، ھەتتا قىيامەتكىچە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشى قۇرئان كەرىمدىن قالسا، ئەڭ بۈيۈك مۆجىزىلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەدىسلەرنىڭ بىزگە يېتىپ كېلىشى تۆۋەندىكىدەك تۆت باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، رىۋايەت باسقۇچى: بۇ باسقۇچ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش، ھال ـ ھەرىكەت ۋە ئىش ـ ئىزلىرىنى كۆرۈش ۋە ئەستە ساقلاش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ باسقۇچ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغانغا قەدەر داۋاملاشقان.

ئىككىنچى، كىتابەت باسقۇچى: بۇ، ھەدىسلەرنىڭ قول يازما باسقۇچىنى مەزمۇن قىلىدۇ. بۇ باسقۇچمۇ سائادەت دەۋرىدە باشلانغان، (ماقالىمىز مانا مۇشۇ باسقۇچنى چىقىش قىلغان ئاساستا قەلەمگە ئېلىنىدۇ).

[1] جامالىددىن قاسىمىينىڭ «قواعد التحديث من فنون مصطلح الحديث» ناملىق ئەسىرىدى، 20 ـ بەت.

ئۈچىنچى، تەدۋىن (يەنى يېزىلغان ھەدىسلەرنى ئىككى مۇقاۋا ئارىسىغا ئېلىپ كىتابلاشتۇرۇش) باسقۇچى. بۇ باسقۇچ ئەمەۋىي خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىبنى شىھاب ئەززۇھرى تەرىپىدىن باشلىنىلغان.

تۆتىنچى، تەسنىف (يەنى ھەدىس ھەققىدە يېزىلغان كىتاپلارنىڭ بابلارغا بۆلۈنۈپ، پەرقلىق ئۇسۇل ۋە مېتودلار بىلەن رەتلىنىش) باسقۇچى. بۇ باسقۇچ ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە باشلىنىپ، ئۈچىنچى ئەسىردە گۈللەنگەن.

ھەدىسلەرنىڭ بىزگە يېتىپ كېلىش باسقۇچىنى ئەنە ئاشۇ مەزكۇر تۆت كاتېگورىيە بويىچە ئىزاھلىشقا بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلىگەن، ياكى بىرەر ئىش قىلغان ۋاقىتتا، (كۆپىنچە ئەھۋالدا) ئۇ زاتنىڭ يېنىدا ئاز دېگەندە بىر قانچە ساھابە كىراملار بولغان بولاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى ياكى قىلغان ئىش - ئىزلىرىنى ئېسىدە ساقلاپ، باشقىلارغا يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان بولسا، ئاز بىر قىسمى يېزىپ قالدۇرۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بەرگەن.

نۆۋەتتىكى ماقالىمىزدا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى شۇ پېتى يېزىۋالغان ساھابە كىرام ۋە ئۇلارنىڭ قول يازمىلىرى ھەققىدە توختىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىردىن باشلاپلا مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئىلمىي خىزمەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەنلىكىنى، بۇ ئارقىلىق ھەدىسلەرنىڭ ھىجرىيە ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەسىرلەردىن ئاۋۋال پەقەتلا ئاغزاكى رىۋايەت بىلەن يەتكۈزۈلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «ھەدىسلەرگە ئىشىنىشكە بولمايدۇ» دەيدىغان ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ سەپسەتىلىرىنى بىتچىت قىلىشقا ۋە بۇ ھەقىقەتنى كۆنىمىزدىكى مۇسۇلمانلارغا، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا ئەسلىتىپ ئۆتۈشكە تىرىشىمىز.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشقا بولغان پوزىتسىيىسى

ھەدىسلەرنى يېزىپ قالدۇرۇش ھەققىدە بىر-بىرىگە زىت نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندە بىر ئىككى ھەدىسنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى، ھەدىس يېزىش مەنئى قىلىنغان ھەدىسلەر. بۇ ھەقتە ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەلگەن بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى ئېيتىلىدۇ: «مەندىن بىر نەرسە يازماڭلار، كىمكى مەندىن

قۇرئان كەرىمدىن باشقا بىر نەرسە يازغان بولسا، ئۇنى ئۆچۈرۈۋەتسۇن»[1].
بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمدىن باشقا بىر نەرسىنى يېزىشنى چەكلىگەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە، ھەدىسلەرنىڭ يېزىپ قالدۇرۇلۇشى ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان.
بۇ ھەدىسلەر ئىچىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەكراتتىكى چېغىدا مۇنداق دېگەنلىكى ئېيتىلىدۇ: «ماڭا دۇۋەت بىلەن قەلەم كەلتۈرۈڭلا،سىلەرگە مەن شۇنداق بىر نەرسە يېزىپ بېرەيكى، شۇنىڭغا ئەمەل قىلساڭلا مەڭگۈ ئېزىپ كەتمەيسىلە». بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئازغۇنلۇقتىن مۇھاپىزەت قىلىدىغان بىر يازما يېزىپ بەرمەكچى بولغانلىقى مەلۇم بولماقتا.

ھەدىسنىڭ داۋامىدا يەنە مۇنداق بىر رىۋايەت زىكىر قىلىنغان: ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر سۆزىنى ئاڭلاپ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن شۇ گەپنى قىلىۋاتىدۇ، ھالبۇكى بىزدە ئاللاھنىڭ كالامى قۇرئان كەرىم بار، شۇ بىزگە يېتەرلىك» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆپىيىپ كەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يېنىمدىن قوپۇپ كېتىڭلا، مېنىڭ يېنىمدا تالاش ـ تارتىش قىلىشىڭلار توغرا ئەمەس» دېدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سورۇندىن چىقىپ كېتىدىغان چاغدا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېزىپ بەرمەكچى بولغان خەتكە توسالغۇ بولغانلىق توغرا بولمىدى» دەپ چىقىپ كەتكەن[2].

يۇقىرىدىكى ئىككى ھەدىس كۆرۈنۈشتە بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى مەزمۇننى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپچىلىك ئۆلىمالار بۇ ئىككى ھەدىسنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: «ھەدىس يېزىشنى مەنئى قىلىش، قۇرئان كەرىم نازىل بولىۋاتقان مەزگىلدە، ھەدىس بىلەن قۇرئاننى بىرلا ماتېرىيالغا يېزىشقا قارىتىلغان، رۇخسەت بولسا ئومۇمي ئەھۋالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[3]. ھەدىس يېزىشنى مەنئىي قىلغان ھەدىستىكى «مەندىن قۇرئاندىن باشقا بىر نەرسە يازغانلار ئۆچۈرىۋەتسۇن» دېگەن مەزمۇن ئىبنى ھەجەرنىڭ بۇ قارىشىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان ھەدىسلەر

[1] ئىمام مۇسلىمنىڭ «صحيح مسلم» ناملىق ئەسىرى، 8 ـ توم، 229 ـ بەت.
[2] ئىمام بۇخارىنىڭ «الجامع الصحيح المختصر» ناملىق ئەسىرى، 1 ـ توم، 39 ـ بەت.
[3] ئىمام ئىبنى ھەجەر ئەلئەسقالانىنىڭ «فتح الباري شرح صحيح البخاري» ناملىق ئەسىرى، 1 ـ توم، 210 ـ بەت.

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى خەلقلەر ئىچىدە ئوقۇش ـ يېزىشنى بىلىدىغانلارنىڭ سانى تولىمۇ چەكلىك ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ كېلىشى بىلەن تارقالغان ئىلىم نۇرىنىڭ تۇنجى ئۇچقۇنى ۋەھيىنىڭ تۇنجى كەلىمىسى بولغان «ئوقۇ» دېگەن بۇيرۇقى بولغاچقا، مۇسۇلمانلار دەسلەپتىكى دەۋرىدىن باشلاپلا ئوقۇش ـ يېزىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى بەدىر غازىتىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بەدىر غازىتىدا ئەسىرگە چۈشكەن مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدىن ئوقۇش ـ يېزىشنى بىلگەنلەرگە ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىلگەن ۋە مەدىنە ئۆسمۈرلىرىدىن 10 بالىغا ئوقۇش ـ يېزىشنى ئۆگىتىش بەدىلىگە ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇپ قالغان. شۇنداقلا قۇرئان ۋە ھەدىستىكى ئىلىمنىڭ پەزىلىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئىسلامىيەتنىڭ ئىلىمگە ۋە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشقا بەرگەن ئەھمىيىتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشقا بولغان تەرغىب ۋە تەشۋىقاتى كۆپ بولغان بولسىمۇ، ئەرەب يېرىم ـ ئارىلىدا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئارىسىدا خەت يېزىش ۋە ئوقۇشنى بىلگەن ساھابىلەرنىڭ سانى چەكلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ۋەھيي كاتىپلىقى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، لېكىن ھەدىسلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشقا مەخسۇس كاتىبلار ئاجرىتىلمىغان ئىدى. مانا بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى دەسلەپكى پەيتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس يېزىشنى چەكلىگەن ۋە بۇ چەكلەش ئارقىلىق قۇرئان بىلەن ھەدىسنىڭ بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان.

ئوقۇش ـ يېزىشنى بىلگەنلەرنىڭ سانى ئاز بولغان ئەرەب جەمئىيىتىدە شېئىر ـ قوشاقلار، نەسەبنامە ۋە ئەپسانىلەر، تارىخ ۋە رىۋايەتلەر ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئاغزاكى يەتكۈزۈلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى ئەرەبلەر ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈنلىكى بىلەن تونۇلغانتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىمۇ ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئاساسەن ئاغزاكى رىۋايەت ئارقىلىق ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈلگەن. شۇڭلاشقا ھەدىس تارىخى بىلەن شۇغۇللانغان ئۆلىمالار، ھەدىس ھەققىدە تۇنجى يېزىلغان يازمىنىڭ ئەمەۋىي خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مۇھەممەد ئىبنى شىھاب ئەززۇھرى تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى بايان قىلغان[1]. 20 ـ ئەسىردىكى شەرقشۇناسلار بۇ بايانلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ھەدىسلەرنىڭ ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان يۈز يىلغا يېقىن جەرياندا پەقەتلا يېزىلماي، ئاغزاكى رىۋايەت بىلەن نەقىل قىلىنغانلىقى، بۇ جەرياندا ھەدىسلەرنىڭ جۈملە ۋە كەلىمىلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىش ياكى ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە دۇچار بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ يۇقىرىلىقى دېگەندەك باھانىلەر بىلەن ھەدىسلەرنىڭ دىنىي مەنبە

[1] ئىمام سۇيۇتىنىڭ «تدريب الراوي في شرح تقريب النواوي» ناملىق ئەسىرى، 1 ـ توم، 119 ـ بەت.

بولۇش رولىنى يوققا چىقارغان[1]. شەرقشۇناسلار بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككىنچى دەستۇرى ۋە ئاساسى بولغان ھەدىسنىڭ رولىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان.

شەرقشۇناسلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلارمۇ ھەدىسنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدىن ئايرىۋېتىش ۋە ئىسلامنىڭ قۇرئاندىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكى سەپسەتىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ھەدىسنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككىنچى ئاساسى بولۇش قىممىتىدىن چۈشۈرۈش ۋە بۇ ئارقىلىق شەرقشۇناسلارنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئالىرىغا خىزمەت قىلىشنى باشلىۋەتكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ رەزىل قىلمىشلىرىنى پەردازلاش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى «قۇرئان ئەھلى» دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى قۇرئاننى يوقىتىشنى غايە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى «قۇرئان دۈشمىنى» دەپ ئاتىساق خاتالاشقان بولمايمىز. ئۆزلىرىنى قۇرئان ئەھلى دېۋالغانلار، ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇن پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرىنى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا تارقىتىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىقتىساد ۋە ئېنېرگىيە سەرپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاللاھنىڭ ئىنئامى ۋە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەدىسكە بولغان كۈچلۈك مەنىۋى باغلىنىشىنىڭ قويۇقلىقى تۈپەيلى كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسىتەلمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تەسىرى يوق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تەسىر قىلالمايدۇ دەپ ھۆكۈم قىلالمايمىز، شۇڭلاشقا ئۆزلىرىنى قۇرئان ئەھلى دېۋالغان بۇ ئازغۇنلارنىڭ ئەڭ تەسىرلىك پاكىتلىرىدىن بىرى بولغان، ھەدىسلەرنىڭ پەقەتلا ئاغزاكى رىۋايەت قىلىنغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاجىز ياكى توقۇلما بولۇشىنىڭمۇ ئېھتىماللىق دائىرىسىدە ئىكەنلىكى، شۇڭا ھەدىسلەرنى قايرىپ قويۇپ، مۇسۇلماندارچىلىقنى بەرپا قىلىش دېگەندىن ئىبارەت سەپسەتىسىگە ماقالىمىز ئارقىلىق جاۋاب بېرىشنى ئويلىدۇق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ھەدىس يېزىش خىزمىتى باشلاپ بولغان بولۇپ، بۇلارغا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دىيەت ۋە باشقا مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رىسالىسى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ «سەھىپە سادىقە» ئىسىملىك يازمىسى، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «ھەج رىسالىسى»، زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «مىراس رىسالىسى»، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمر ئىبنى ھەزم ئەنسارىغا يازدۇرۇپ بەرگەن ناماز، زاكات ۋە دىيەت ھەققىدىكى رىسالە قاتارلىق يازمىلارنىڭ بولغانلىقى تارىخ مەنبەلىرىدە زىكىر قىلىنغان. يۇقىرىدا ئىسمى زىكىر قىلىنغان يازمىلار ھەققىدە تۆۋەندە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

[1] مەھمۇد ئەبۇ رەييەنىڭ «أضواء على السنة المحمدية» ناملىق ئەسىرى، 231 ـ بەت.

دوكتور مۇھەممەد مۇستافا ئەئزەمى 52 ساھابىنىڭ ھەدىس يازغانلىقىنى بايان قىلىدۇ[1]. ماقالىمىزنىڭ ھەجمىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر نەچچە ساھابىنىڭ يازمىسىنى نۇمۇنە شەكلىدە بايان قىلىمىز:

## 1 ـ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يازمىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەتتىكى ھەمراھى ۋە خەلىپىسى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بەھرەينگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەندە، زاكاتنىڭ نىسابى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن بىر يازما بەرگەن. بۇ يازمىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زاكات ھەققىدىكى ھۆكۈملىرى بايان قىلىنغان[2]. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مەكتۇپ يازغانلىقىمۇ ھەدىس مەنبەلىرىدە زىكىر قىلىنىدۇ[3].

## 2 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يازمىسى

ھەدىس ئىنكارچىلىرى ئادالەتنىڭ سىمۋولى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىس يېزىشقا قارشى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشىدۇ، ھالبۇكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىسنى يازغان[4]. شۇنداقلا زاكاتنى ئاساس قىلغان ۋە قوشۇمچە بىر تۈركۈم تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەدىسلەرنى يېزىپ، ئۇنى ۋالىيلىرىغا ئەۋەتكەن[5].

## 3 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يازمىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈيئوغلى ۋە ئىلىم ـ ھېكمەت ئابىدىسى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىلىچىنىڭ قىنىدا ساقلايدىغان بىر يازما بار ئىدى. بۇ يازمىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە يېزىلغانلىقىغا دائىر پاكىت بار، بۇ پاكىتلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «بىزدە ئاللاھنىڭ ۋەھيىدىن قۇرئان كەرىمدىن باشقا مۇشۇ سەھىپە بار» دېگەن سۆزىدۇر. ئۇنىڭ بۇ سۆزى بۇخارى تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان[6]. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزىدىن، مەزكۇر يازمىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بېرىلگەنلىكى چىقىپ تۇرماقتا. سەھىپىدە زاكاتنىڭ نىساپ ۋە ئۆلچەملىرى قاتارلىق بىر تۈركۈم مەسىلىلەر

---

[1] دوكتۇر مەھمۇد مۇستاپا ئەئزەمىينىڭ «دراسات في الحديث النبوي وتاريخ تدوينه» ناملىق ئەسىرى، 1 ـ توم، 92 ـ 142 ـ بەتلەر.

[2] ئىمام ئىبنى خۇزەيمەنىڭ «صحيح ابن خزيمة» ناملىق ئەسىرى، 4 ـ توم، 14 ـ بەت.

[3] ئىمام تابارانىنىڭ «المعجم الكبير» ناملىق ئەسىرى، 1 ـ توم، 63 ـ بەت.

[4] ئىمام مۇسلىمنىڭ «صحيح مسلم» ناملىق ئەسىرى، 6 ـ توم، 140 ـ بەت.

[5] ئىمام ئىبنى زەنجەۋەيھنىڭ «الأموال» ناملىق ئەسىرى، 26 ـ توم، 807 ـ بەت.

[6] ئىمام بۇخارىنىڭ «الجامع الصحيح المختصر» ناملىق ئەسىرى، 11 ـ توم، 111 ـ بەت.

بايان قىلىنغان[1]. بەزى رىۋايەتلەردە بۇ سەھىپىدىكى مەزمۇنلارنىڭ ئوخشىشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قىلىچىنىڭ قىنىغا ئېسىقلىق تۇرىدىغانلىقىمۇ بايان قىلىنغان[2]. بۇ رىۋايەت بولسا، مەزكۇر يازمىنىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇغا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن قالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

## 4 ـ مەيمۇنە بىنتى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ يازمىسى

مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ ئۆتۈككە مەسھى قىلىش توغرىسىدىكى ھەدىسنى ئازادگەردىسى ئاتائ ئىبنى يەسارغا يېزىپ بەرگەنلىكى مەنبەلەردە قەيت قىلىنغان[3].

## 5 ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ يازمىسى

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام دەۋا ـ دەستۇر مەسىلىلىرىگە پىششىق دەپ ماختىغان مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ يېنىدا يازما ھەدىسنىڭ بارلىقى مەنبەلەردە بايان قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنى يەمەنگە ۋالىي قىلىپ ئەۋەتكەندە زاكات ھەققىدە بىر يازما بەرگەنلىكى ھەققىدە ئىشەنچلىك رىۋايەتلەر بار[4].

## 6 ـ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب يازمىسى

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن ئاڭلىغان ھەدىسلىرىنى بىر رىسالىدە توپلىغان ۋە ئۇنى ئوغلىغا ئەۋەتكەن، سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ ئوغلى ئەۋەتكەن كىتابى ھەققىدە تابىئىنلاردىن بولغان ئىبنى سىرىن مۇنداق دەيدۇ: «سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئوغۇللىرىغا ئەۋەتكەن يازمىدا نۇرغۇن مەلۇماتلار بار»[5].

## 7 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمانىڭ يازمىسى

ئەمەل ـ ئىبادەتنى بەك كۆپ قىلغانلىقى تۈپەيلى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام تەرىپىدىن تەرىپلەنگەن، ھەتتا ئىبادەت قىلىشتىمۇ ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتمەستىن، ئۆز يولىدا قىلىش توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن نەسىھەت ئاڭلىغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ ھەدىس ھەققىدىكى

---

[1] ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ «المسند» ناملىق ئەسىرى، 2 ـ توم، 170 ـ بەت.

[2] ئىمام ئەبۇ يەئلا «مسند أبي يعلى» ناملىق ئەسىرى، 8 ـ توم، 197 ـ بەت.

[3] ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ «المسند» ناملىق ئەسىرى، 44 ـ توم، 410 ـ بەت.

[4] مۇھەممەد ھەمىدۇللاھنىڭ «مجموعة الوثائق السياسية للعهد النبوي والخلافة الراشدة» ناملىق ئەسىرى، 106 ـ بەت.

[5] ئىمام مىززىنىڭ «تهذيب الكمال في أسماء الرجال» ناملىق ئەسىرى، 12 ـ توم، 132 ـ بەت.

يازمىسى، ئۇنىڭ بۇ يازمىسىنى ساھابىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان ئەڭ چوڭ ھەجىملىك يازما دېيىشكە بولىدۇ. مەزكۇر سەھىپە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يېزىقچە رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، بۇ سەھىپىدە 200 دىن ئارتۇق ھەدىس بار. سەھىپىدىكى 202 ھەدىس ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ مۇسنەد ئىسىملىك چوڭ ھەجىملىك ئەسىرىگە ئېلىنغان. شۇنداقلا «سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد» تا 81 ھەدىس، تىرمىزىدا 35 ھەدىس، ئىبنى ماجەدە 65 ھەدىس، نەسەئىيدە 53 ھەدىس يېزىلغان[1]. قىسقىسى، بۇ سەھىپىدىكى ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۈنىمىزگە يېتىپ كەلگەن. سەھىپىدە جىھاد، ھەج، سودا ـ سېتىق، قۇربانلىق، تۆلەم ۋە دىيەت، تاھارەت، مىراس، نىكاھ قاتارلىق مۇسۇلمانىنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەت خىلمۇ ـ خىل تېمىلاردا ھەدىسلەر بار. ئالىملارمۇ سەھىپىدىكى ھەدىسلەردىن كۆپلەپ پايدىلانغان.

## 8 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يازمىسى

ئەنسارلاردىن بولغان جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرىپىدىن ھەج ھۆكۈملىرىنى بايان قىلغان بىر يازما يېزىلغان بولۇپ، يازمىنى ئىمام مۇسلىم سەھىھ ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلغان[2]. يازما ئالتە بەت ئەتراپىدا بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەج قىلىش جەريانى ئىنتايىن تەپسىلى شەكىلدە بايان قىلىنغان[3].

## 9 ـ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مىراس ھەققىدىكى يازمىسى

ساھابىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان تۇنجى يازمىلار قاتارىدا ۋەھيي كاتىپلىرىدىن بولغان ۋە قۇرئان كەرىمنى توپلاش خىزمىتىنى بەجا كەلتۈرگەن زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ مىراس ھەققىدە قىسقا بىر رىسالە يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ رىسالىسى ھەققىدە فەسەۋىي ئىبنى شىھاب زۇھرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مىراس ھەققىدىكى يازمىسى بولمىغان بولسا، مىراس ئىلمى يوقاپ كەتكەن بولاتتى»[4].

## 10 ـ ئەمر ئىبنى ھەزم ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يازمىسى

ئەمر ئىبنى ھەزم ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

---

[1] مۇھەممەد سەيفەتتىن ئەللىشنىڭ «عبدالله بن عمرو بن العاص وصحيفته الصادقة» ناملىق ئەسىرى، 142 ـ بەت.

[2] ئىمام مۇسلىمنىڭ «صحيح مسلم» ناملىق ئەسىرى، 4 ـ توم، 39 ـ بەت.

[3] ئىمام زەھەبىينىڭ «تذكرة الحفاظ» ناملىق ئەسىرى، 1 ـ توم، 35 ـ بەت.

[4] ئىمام فەسەۋىينىڭ «المعرفة والتاريخ» ناملىق ئەسىرى، 1 ـ توم، 486 ـ بەت.

نەجرانغا يوللىغان ۋالىسى بولۇپ، بۇ يازما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن يازدۇرۇلغان ۋە ئەمر ئىبنى ھەزم ئەنسارىي نەجرانغا ماڭغاندا زاكات ۋە باشقا مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ يازما ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان[1].

خۇلاسىلىگەندە: ئىسلامنىڭ ئىككىنچى ئاساسى بولغان ھەدىسنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە ئىسلامدىكى ئورنىنى خۇنۇكلاشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئىسلامنى ھەدىستىن ئايرىپ، تەدرىجىي ھالدا قۇرئانغىمۇ تىل ئۇزىتىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى يوقىتىش، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ خىيالى بوپ كەلدى. ئەپسۇسكى بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلارمۇ ئەنە شۇ دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ، ئۇلارنىڭ ئازغۇن يولىدا پىداكارانە كېتىپ بارماقتا. دەل شۇنداق پەيتتە ئىسلامنى بىر پۈتۈن قوبۇل قىلغان ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى ئالىي قىلىشنى مەقسەت قىلغان بىر تۈركۈم سالىھ ۋە تەقۋادار ئۆلىمالار ھەدىس ئىنكارچىلىرى ۋە دىن دۈشمەنلىرىنىڭ بۇ رەزىل مەقسەت ـ مۇددىئالىرىدىن مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ كەلمەكتە. ئەنە شۇ ئۆلىمالار دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دىنىي ئەقىدە ۋە پرىنسىپلارغا قاراتقان ھۇجۇم خاراكتېرلىك سەپسەتىلىرىگە ئىلمىي ئاساسلار بويىچە رەددىيە بېرىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى قوغداپ قىلىشقا ھەرىكەت قىلماقتا. شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان زۇلۇم ۋە ئازاب خەلقىمىزنى چىرمىۋالغان مۇشۇ كۈنلەردە ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئۆزىنى ئۆلىما چاغلىۋالغان بىر تۈركۈم ئىنسانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە تىل ئۇزىتىپ، ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنغان. ئۇلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىللىرىنىڭ بىرى، ھەدىسلەرنىڭ پۈتۈلۈشىنىڭ جەريانى بولۇپ، ماقالىمىزدا ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى سەپسەتىلىرىگە ئىلمىي ئۇسۇلدا رەددىيە بېرىشكە تىرىشتىم. يازغانلىرىمنىڭ توغرىسى ئاللاھنىڭ ئىنئامى، خاتالىرى بولسا نەپسىم ۋە شەيتاننىڭ ئازدۇرىشىدىندۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ ماقالىنىڭ مۇقەددەس دىنىمىزنى قوغداش يولىدىكى بىر خىزمەت بولۇپ قىلىشىنى نېسىپ قىلسۇن ۋە ماقالىنى يازغان، ئوقۇغان ۋە ئەمگىكى سىڭگەن پۈتۈن قېرىنداشلىرىمنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىپ، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلسۇن... ئامىن!

—— ئاپتور مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ھەدىس ئىلىملىرى بويىچە دوكتورانت

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: تاھىرجان ئابباس

[1] ئىمام ھاكىمنىڭ «المستدرك على الصحيحين» ناملىق ئەسىرى، 1 ـ توم، 552 ـ بەت.



# نەپسىنى پاك قىلىش چۈشەنچىسى

ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى

«نەپسىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ» ـ قۇرئان كەرىم

مۆئمىن ـ مۇسۇلماننىڭ ئەڭ يۈكسەك مۇراد ـ مەقسىتى دۇنيادا ئادالەت ۋە باياشات ئىچىدە ياشاش، ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ جەننىتىگە كىرىشكە ۋە جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولۇش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يەنە دەرھال ھاسىل بولۇشىنى ئارزۇ قىلىۋاتقان ۋە ئۇنىڭغا يېتىش يوللىرى ئۈستىدە جىددىي ئىزدىنىۋاتقان نۇرغۇن مۇراد ـ مەقسەتلىرى مەۋجۇت. بۇ مۇراد ـ مەقسەتلەر ۋاقىت ۋە شەرت ـ شارائىتقا كۆرە، ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مۆئمىن ـ مۇسۇلمان مۇراد ـ مەقسەتكە يېتىش، ئۇتۇق قازىنىش، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن نېمە قىلىشى كېرەك؟ راستچىللىق بىلەن تونۇلغان بىرسى بىزگە نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بەرسە، بىز ئۇنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلىمىز، ئەلۋەتتە. ئۇنداقتا ئۇنى بىزگە پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ ئەرش ئەلادىن ئون بىر قەسەم بىلەن تەكىتلىگەن ھالدا ئېيتىپ بەرسىچۇ؟! ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالشَّمْسِ وَضُحَاهَا. وَالْقَمَرِ إِذَا تَلَاهَا. وَالنَّهَارِ إِذَا جَلَّاهَا. وَاللَّيْلِ إِذَا يَغْشَاهَا. وَالسَّمَاءِ وَمَا بَنَاهَا. وَالْأَرْضِ وَمَا طَحَاهَا. وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّاهَا. فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَاهَا. قَدْ أَفْلَحَ مَنْ زَكَّاهَا. وَقَدْ خَابَ مَنْ دَسَّاهَا﴾ «قۇياش ۋە ئۇنىڭ نۇرى بىلەن قەسەمكى، قۇياشقا ئەگەشكەن چاغدىكى ئاي بىلەن قەسەمكى، قۇياشنى ئاشكارا قىلغان كۈندۈز بىلەن قەسەمكى، قۇياشنى يوشۇرغان چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى، ئاسمان بىلەن ۋە ئۇنى بىنا قىلغان زات بىلەن قەسەمكى، زېمىن بىلەن ۋە ئۇنى بىنا قىلغان زات بىلەن قەسەمكى، نەپس بىلەن ۋە ئۇنى ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى ـ يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، نەپسىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ»[1]. ﴿قَدْ أَفْلَحَ مَنْ تَزَكَّىٰ﴾ «پاك

[1] ئەئلا سۈرىسى: 1 ـ 10 ئايەتلەر.

بولغان ئادەم مەقسەتكە يېتىدۇ»[1].

﴿قَدْ أَفْلَحَ مَنْ زَكَّاهَا﴾ دېگەن ئايەتنى مۇپەسسىر سەئدىي رەھمەھۇللاھ نەپسىنى ئىللەتلەردىن تازىلىغان، گۇناھلاردىن پاك قىلغان، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغان، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن يۈكسەلتكەن ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان.

مۇپەسسىر ئىبنى كەسىر رەھمەھۇللاھ نەپسىنى ئىللەتلەردىن تازىلىغان، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مەقسەتكە يېتىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان. قەتادە، مۇجاھىد، ئىكرىمە ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەيىر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) قاتارلىقلاردىنمۇ بۇنىڭ ئوخشىشى رىۋايەت قىلىنغان.

مۇپەسسىر بەغەۋىي رەھمەھۇللاھ ئايەتنى «ئاللاھ ئىسلاھ قىلغان، ئىللەتلەردىن تازىلىغان، گۇناھلاردىن پاك قىلغان، ئىتائەت قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغان ئادەم چوقۇم ئۇتۇق قازىنىدۇ، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان.

نەپسىنى پاك قىلغان ئادەم ئۆزىگە، ئائىلىسىگە، مىللىتىگە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. نىھايەت، بۇنداق ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ، ئۇتۇق قازىنىدۇ، بەختكە ئېرىشىدۇ. ئەكسىچە، نەپسىنى كەمسىتكەن ۋە كىرلەتكەنلەر ئۆزلىرىگە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بالايى ئاپەت بولىدۇ. ئاقىۋەت، بۇنداق ئادەملەر چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ، ئېغىر زىيان تارتىدۇ. ھەددىدىن ئاشقان سەمۇد خەلقى تەلتۆكۈس ھالاك بولغانىدەك ھالاك بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَكَذَّبُوهُ فَعَقَرُوهَا فَدَمْدَمَ عَلَيْهِمْ رَبُّهُمْ بِذَنْبِهِمْ فَسَوَّاهَا. وَلَا يَخَافُ عُقْبَاهَا﴾ «(سەمۇد سالىھ ئەلەيھىسسالامنى) ئىنكار قىلدى، تۆگىنى ئۆلتۈردى، گۇناھى تۈپەيلىدىن ئاللاھ ئۇلارنى تەلتۆكۈس ھالاك قىلدى. ئاللاھ (ئۇلارنى ھالاك قىلغانلىقىنىڭ) ئاقىۋىتىدىن قورقمايدۇ»[2].

## نەپسنىڭ قىسقىچە تەپسىرى

ئەرەب تىلىدا «النفس» روھ، جان، نەپس، كۆڭۈل، قەلب، بەدەن ۋە ئۆز ئەينى دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. بەزى تىلشۇناسلار «النفس» سۆزىدىن جۈملىنىڭ سىياقىغا كۆرە، بەزىدە، بەدەن ۋە روھنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كامىل ئىنسان كۆزدە تۇتۇلسا، بەزىدە، پەقەت روھلا كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ

[1] ئەئلا سۈرىسى: 14 ـ ئايەت.
[2] شەمس سۈرىسى: 13 ـ 15 ئايەتلەر.

قارىغان.

نەپس جانلىق مەخلۇقاتلارنى جانسىز مەخلۇقاتلاردىن پەرقلەندۈرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ يۇشۇرۇن كۈچتۇر. ھەر ئىنساندا ئۈچ خىل سۈپەتكە ئىگە بىر نەپس بارمۇ ياكى يامانلىققا بۇيرۇغۇچى نەپس، ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپس، ئارام تاپقۇچى نەپسىدىن ئىبارەت ئۈچ نەپس بارمۇ؟ بۇ ھەقتە ئىختىلاپ بار بولۇپ، توغرىسى، ھەر ئىنساندا زات ئېتىبارى بىلەن بىر، سۈپەت ئېتىبارى بىلەن ئۈچ نەپس بار. ئەپلاتون: ئىنساندا شەھۋانىي، ئاسىي ۋە ئاقىل دەپ ئۈچ نەپس بار، دەپ قارىغان.

قۇرئان كەرىمدە، يامانلىققا بۇيرىغۇچى نەپس، مالامەت قىلغۇچى نەپس، ئارام تاپقۇچى نەپس دەپ ئۈچ نەپس تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئاۋۋالقىسى، ئىگىسىنى ئەيش ـ ئىشرەت، گۇناھ ـ مەسىيەت ۋە ئاللاھتىن يىراقلىشىشقا قۇترىتىدىغان نەپسىدۇر. ئاللاھ تائالا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أُبَرِّئُ نَفْسِي إِنَّ النَّفْسَ لَأَمَّارَةٌ بِالسُّوءِ إِلَّا مَا رَحِمَ رَبِّي﴾ «مەن ئۆزۈمنى ئاقلىمايمەن. نەپس دېگەن ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ، رەببىم رەھمەت قىلىپ (ساقلىغان) ئادەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا»[1]. ئىككىنچىسى، بەزىدە گۇناھ ـ مەسىيەت قىلىپ سالسىمۇ، لېكىن داۋاملاشتۇرمايدىغان، بەلكى گۇناھ ـ مەسىيەت قىلىش بىلەن تەۋبە قىلىش ئارىسىدا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، گۇناھ ـ مەسىيەت قىلىپ سالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى مالامەت قىلىپ، دەرھال تەۋبە قىلىدىغان نەپسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا أُقْسِمُ بِالنَّفْسِ اللَّوَّامَةِ﴾ «ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپس بىلەن قەسەمكى، (سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، سىلەردىن چوقۇم ھېساب ئېلىنىدۇ)»[2]. ئۈچىنچىسى، ئاللاھ رىزاسىنى كۆزلەپ، ئۇنىڭ ئەمرى ـ پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىدىغان، ھۆكۈملىرىگە بويسۇنىدىغان، ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدىغان يۈكسەك مەرتىۋىدىكى نەپسىدۇر. بۇ نەپسكە تەندىن ئايرىلىدىغان ۋاقىتتا مۇنداق نىدا قىلىنىدۇ: ﴿أَيَّتُهَا النَّفْسُ الْمُطْمَئِنَّةُ. ارْجِعِي إِلَى رَبِّكِ رَاضِيَةً مَرْضِيَّةً. فَادْخُلِي فِي عِبَادِي. وَادْخُلِي جَنَّتِي﴾ «ئى ئارام تاپقۇچى نەپس! سەن رەببىڭدىن مەمنۇن، رەببىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن. (ياخشى) بەندىلىرىم قاتارىغا قوشۇلغىن. جەننىتىمگە كىرگىن»[3].

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ئىنساننى بەدەن، ئەقىل ۋە روھتىن ئىبارەت ئۈچ ئېلېمېنتنىڭ بىرىكمىسىدىن ياراتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ئاللاھ تەرىپىدىن پۈۋلەنگەن روھتۇر. ئاللاھ ئىسلامنى بەدەننىڭ،

[1] يۇسۇف سۈرىسى: 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] قىيامەت سۈرىسى: 2 ـ ئايەت.

[3] فەجر سۈرىسى: 27 ـ، 28 ـ، 29 ـ، 30 ـ ئايەتلەر.

ئىماننى ئەقلىنىڭ، ئېھساننى روھنىڭ مەنپەئىتىگە خىزمەت قىلدۇرغان قىلىپ بېكىتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش پېجىرىم ئىنسانلىقنىڭ كاپالىتىدۇر.

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، نەپسىتىن كۆپىنچە، روھ مەقسەت قىلىنىدىغان بولۇپ، ئەپلاتون: روھ ئىنساننىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ موتۇرى ۋە جەۋھىرىدۇر، دەپ قارىغان. ئىسلام نەزىرىدە، روھ ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىك مەخلۇقتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە روھنى بىر قانچە ئورۇندا تىلغا ئالغان بولۇپ، بىر ئورۇندا، روھنى ئۇلۇغلاپ، ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿فَإِذَا سَوَّيْتُهُ وَنَفَخْتُ فِيهِ مِنْ رُوحِي فَقَعُوا لَهُ سَاجِدِينَ﴾ «مەن (ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تولۇق ياراتقان ۋە ئۇنىڭغا روھىمدىن كىرگۈزگەن چېغىمدا، سىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار)»[1]. يەنە بىر ئورۇندا روھنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ويسألونك عن الروح قل الروح من أمر ربي وما أوتيتم من العلم إلا قليلاً﴾ «ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. ‹روھنىڭ ماھىيىتىنى رەببىم بىلىدۇ› دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن»[2].

پسىخىكا دوختۇرلىرى، تىل ۋە ھەر ساھە ئالىملىرى نەپس بىلەن روھنى ئۆز ساھەلىرىگە كۆرە، ھەرخىل ئىزاھلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھازىرغىچە، بۇ ئىككىسىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئورنى ھەققىدە قانائەتلىنەرلىك بىر ئىزاھنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان.

## نەپسنى پاك قىلىشنىڭ ھۆكمى

ئىمام غەزالى رەھمەھۇللاھ: نەپسنى پاك قىلىش بارلىق مۇئمىن-مۇسۇلمانلارغا پەرز ئەمەس بولۇپ، ھەربىر مۇئمىن-مۇسۇلماننىڭ نەپسىنىڭ ئىللەتلىرىنى ۋە ئۇنى پاك قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىشى زۆرۈر دەپ قارىغان. كۆپ سانلىق ئۆلىمالار: نەپسنى پاك قىلىش نەپسىدە ئىللەت بارلىقى ئېنىق بولغان كىشىلەردىن باشقىسىغا پەرز ئەمەس، لېكىن ئىللەت بارلىقى ئېنىق كىشىلەرگە شۇ ئىللەتنى داۋالاش يوللىرىنى ئۆگىنىش زۆرۈر بولىدۇ، دەپ قارىغان.

---

[1] ھىجر سۈرىسى: 29 ـ ئايەت.

[2] ئىسرا سۈرىسى: 85 ـ ئايەت.

ئىمام غەززالىي: ئىنسانلار نەپسىنىڭ ئىللەتلىرىدىن خالىي ئەمەس، بەلكى ئىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى تەبىئىيدۇر، دەپ قارىغان ۋە بۇنىڭغا ئىنسانلارنىڭ ئەۋزىلى ۋە شەرەپلىكى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆكسىنىڭ ئىككى قېتىم يېرىلىپ، ئۇنىڭدىن قارا بىر لۇقمىنىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىقىنى دەلىل قىلغان. كۆپ سانلىق ئۆلىمالار ئىنساننىڭ نەپىس ئىللەتلىرىدىن خالىي بولۇشى ئەسلىدۇر، دەپ قارىغان ۋە بۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ ﴿فطرة الله التي فطر الناس عليها﴾ يەنى «ئاللاھنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان»[1] دېگەن سۆزى بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ {كل مولود يولد على الفطرة} يەنى «ھەرقانداق بوۋاق دىن ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ»[2] دېگەن سۆزنى دەلىل قىلغان. كۆرگىنىمىزدەك، كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ دەلىلى كۈچلۈكتۇر. شەيخ مۇھەممەد ھەسەن رەھمەھۇللاھ ئىمام غەززالىنىڭ دەلىلىنى پۈتۈن ئىنسانلاردا نەپىس ئىللەتلىرىنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئىللەتلەرنى قوبۇل قىلىش خاراكتېرى بولىدىغانلىقىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆكسىنىڭ يېرىلىپ، ئۇنىڭدىن قارا بىر لۇقمىنىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىقىنىمۇ مەۋجۇت ئىللەتنى داۋالاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىللەتلەرنى قوبۇل قىلىش خاراكتېرىنى چەكلەش ئۈچۈن بولغانلىقىغا قارىتىپ، بۇ دەلىللەرنىڭ ئوتتۇرىسىنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرگەن[3].

## نەپسىنى پاك قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى

نەپسىنى پاك قىلىشنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئاللاھ تائالا بىر قېتىمدىلا ئون بىر قەسەم قىلىپ، نەپسىنى پاك قىلغان ئادەمنىڭ چوقۇم مۇرادىغا يېتىدىغانلىقىنى، نەپسىنى كەمسىتكەن ئادەمنىڭ چوقۇم نائۈمىد بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

2. نەپس ئىنساننىڭ ئىچكى دۈشمەنلىرىنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر. چۈنكى نەپس ئىنساننى ئاللاھتىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان، ئىنساننى گۇمراھلىققا ۋە دۇنيا مەنپەئىتىنى ئاخىرەت مەنپەئىتىدىن ئەلا بىلىشكە چاقىرىدىغان بولۇپ، ئۇ بارلىق ئىللەتلەرنىڭ مەنبەسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

---

[1] رۇم سۈرىسى: 30 ـ ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] ئەللامە مۇھەممەد ھەسەننىڭ «تزكية النفس» ناملىق كىتابىدىن.

تۇرلۇك مۇناسىۋەتلەردە، ھەتتا جۈمە خۇتبىلىرىدە نەپسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلىگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ﴿فألهمها فجورها وتقواها﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ، ئاندىن بۇ دۇئانى ئوقۇغانلىقى بايان قىلىنىدۇ: {اللهم آت نفسي تقواها وزكها أنت خير من زكاها أنت وليها ومولاها} «ئى ئاللاھ، نەپسىمگە تەقۋالىق بەرگىن ۋە ئۇنى پاك قىلغىن، سەن ئۇنى ئەڭ ياخشى پاك قىلغۇچىسەن، سەن ئۇنىڭ ئىگىسى ۋە مەدەتكارىسەن»[1].

3. نەپسىنى پاك قىلىش جەننەتكە كىرىشنىڭ كاپالىتىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وأما من خاف مقام ربه ونهى النفس عن الهوى فإن الجنة هي المأوى﴾ «رەببىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، نەپسىنى خاھىشىغا بېرىلىشتىن چەكلىگەن ئادەم، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ»[2].

4. نەپسىنى پاك قىلىش ئىنساننى كامالەتكە يۈزلەندۈرىدۇ. ئىنساننىڭ بەدىنى ھەر تەرەپتىن كۆڭۈل بۆلۈشكە موھتاج بولغانىدەك، نەپسىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە موھتاج بولىدۇ. ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش ئىنساننى كامالەتكە يۈزلەندۈرىدۇ. سەيىد قۇتۇپ رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئىنسان قارا تۇپراق ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن پۈۋلەنگەن خاسىيەتلىك نۇرانە روھتىن يارىتىلغان قوش مىجەزلىك، قوش ئىقتىدارلىق ۋە قوش يۆلىنىشلىك مەخلۇقتۇر. ئىنسان ياخشى ـ يامانلىق، ھىدايەت ـ ئازغۇنلۇق بىلەن ئوخشاش قوراللانغان بولۇپ، ياخشى بىلەن يامانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىنى پەرق ئېتىشكە، ئىككىسىنىڭ قايسىسىنى ئىرادە قىلسا، نەپسىنى شۇنىڭغا يۈزلەندۈرۈشكە قادىردۇر. بۇ، ئىنسان ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنغان كۈچ بولۇپ، قۇرئان كەرىم بۇ كۈچنى بىر قېتىم: ﴿ونفس وما سواها فألهمها فجورها وتقواها...﴾ يەنى «روھ بىلەن ۋە ئۇنى ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى ـ يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى...» دېيىش ئارقىلىق بىلدۈرۈش بىلەن ئىپادىلىسە، يەنە بىر قېتىم: ﴿وهديناه النجدين﴾ يەنى «ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟»[3] دېيىش ئارقىلىق كۆرسىتىش بىلەن ئىپادىلىگەن. بۇ كۈچنى نەپسىنى پاك قىلىشقا ۋە ياخشى ئىش قىلىش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يامان ئىش قىلىش رىغبىتىنى يېڭىشقا ئىشلەتكەن ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. بۇ كۈچكە بىپەرۋالىق بىلەن قاراپ، ئۇنى زايە قىلىۋەتكەن ئادەم چوقۇم ئېغىر زىيان تارتىدۇ. «نەپسىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى كەمسىتكەن

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] نازىئات سۈرىسى: 40 ـ، 41 ـ ئايەتلەر.

[3] بەلەد سۈرىسى: 10 ـ ئايەت.

ئــادەم چوقــۇم نائۈمــد بولــدۇ»[1].

## نەپسىنى پاك قىلىشنىڭ مېۋىلىرى

نەپســنى پــاك قىلشــنىڭ نۇرغــۇن مېۋىلــرى بــار بولــۇپ، مۇھىملىرىنــى تۆۋەندىكــى نۇقتىلارغــا يىغىنچاقلاشــقا بولــدۇ:

1. دۇنيــادا مۇراد ـ مەقســتىگە يېتــش، ئۇتــۇق قازىنــش، بەخت ـ ســائادەتكە ئېرىشــش. ئالــلاھ مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿قَدْ أَفْلَحَ مَنْ زَكَّاهَا﴾ «نەپســنى پاك قىلغــان ئادەم چوقــۇم مۇرادىغــا يېتــدۇ»[2]. ﴿قَدْ أَفْلَحَ مَنْ تَزَكَّىٰ﴾ «پــاك بولغــان ئــادەم مەقســتىگە يېتــدۇ»[3].

مۇراد ـ مەقســتىگە يېتــش، ئۇتــۇق قازىنــش، بەخت ـ ســائادەتكە ئېرىشــش ئاللاھنىــڭ ھىدايىتىگــە ئەگىشــش بىلــەن ھاســل بولــدۇ. ئالــلاھ تائــالا مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿فَمَنِ اتَّبَعَ هُدَايَ فَلا يَضِلُّ وَلا يَشْقَى، وَمَنْ أَعْرَضَ عَنْ ذِكْرِي فَإِنَّ لَهُ مَعِيشَةً ضَنْكاً وَنَحْشُرُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ﴾ «كىمكــى مېنىــڭ ھىدايىتىمگــە ئەگەشســە، ئــۇ ئازمايــدۇ ۋە شــەقىي بولمايــدۇ. كىمكــى مېنىــڭ زىكرىمدىــن يــۈز ئۆرۈيدىكــەن، ئۇنىــڭ ھاياتــى تــار (يەنــى خاتىرجەمســىز) بولــدۇ، قىيامــەت كۈنــى ئۇنــى بىــز كــور قوپۇرىمــز»[4].

نەپســنى پــاكلاش ـ ماھىيەتتــە شــەرئەت كۆرسەتمىســى بويىچــە ياشــاش ئۈچــۈن نەپســانىي خاھىشــلاردىن ئۆزىنــى كونتــرول قىلىشــنى مەقســەت قىلــدۇ. شــۇنداق قىلغــان ئــادەم دۇنيــادا بەخت ـ ســائادەتكە ئېرىشســە، ئاخىرەتتــە پەرۋەردىگارىنىــڭ رەھمىتىگــە ســازاۋەر بولــدۇ.

2. ئاخىرەتتــە نىجاتلىققــا ئېرىشــش. نەپســنى پــاك قىلغــان ئادەملــەر ئاخىرەتتــە نىجــات تېپىــپ، مەڭگۈلــۈك جەننەتلــەردە يۇقــرى مۇكاپاتلارغــا ئېرىشــدۇ. بــۇ ھەقتــە جانابــى ئالــلاھ مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿وَمَنْ يَأْتِهِ مُؤْمِناً قَدْ عَمِلَ الصَّالِحَاتِ فَأُولَئِكَ لَهُمُ الدَّرَجَاتُ الْعُلَى، جَنَّاتُ عَدْنٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَذَلِكَ جَزَاءُ مَنْ تَزَكَّىٰ﴾ «كىمكــى مۇئمىــن بولــۇپ، ياخشــى ئەمەللەرنــى قىلغــان ھالــدا ئاللاھقــا مۇلاقــات بولىدىكــەن، ئــۇ يۇقــرى دەرىجىگــە ئېرىشــدۇ. ئــۇ (دەرىجىلــەر) دائىمــي تۇرالغــۇ بولغــان جەننەتلەر بولــۇپ، ئۇلارنىــڭ ئاســتىدىن ئۆســتەڭلار ئېقىــپ تۇرىــدۇ، ئــۇ يەرلــەردە ئــۇ مەڭگۈ

[1] «فى زىلال قۇرئان» 6 ـ توم، 3893 ـ بەت.
[2] شەمس سۈرىسى: 1 ـ 10 ئايەتلەر.
[3] ئەئلا سۈرىسى: 14 ـ ئايەت.
[4] تاھا سۈرىسى: 123 ـ، 124 ـ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.

قالىدۇ، ئەنە شۇ پاك بولغان ئادەمگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر»[1].

3. نەپسىنى يېڭەلەيدىغان بولۇش. نەپس بىلەن قەلب ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ئانچە ئاسان كۆرەش ئەمەس، بەلكى جاپالىق، ئۇزۇن ۋە كەسكىن كۆرەشتۇر. بۇ كۆرەشتە ئەلۋەتتە كۈچلۈك تەرەپ غەلىبە قىلىدۇ. ئەگەر نەپس غەلىبە قىلسا، قەلبنى جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدۇ. قەلب غەلىبە قىلسا، نەپسنى ئاللاھنىڭ رىزاسىغا، جەننەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئاللاھنىڭ رىزاسى ۋە جەننىتى قەلبنىڭ غەلىبىسى بىلەن، قەلبنىڭ غەلىبىسى نەپسنى پاك قىلىش بىلەن قولغا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وأما من خاف مقام ربه ونهى النفس عن الهوى فإن الجنة هي المأوى﴾ «رەببىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورققان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن چەكلىگەن ئادەم، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ»[2].

4. ئەزىز بولۇش. نەپس داۋاملىق ئەيش ـ ئىشرەت ۋە لەززەتلەرگە كۆز تىكىدۇ، تائەت ـ ئىبادەتتىن ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن ھورۇنلۇق قىلىدۇ. لېكىن نەپسنى پاك قىلغان ۋە ئۇنى يېڭگەن ئادەم نەپسنى يېڭگەن يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئەزىز بولغاندەك ئەزىز بولىدۇ. نەپسنىڭ كەينىگە كىرگەن ئادەم ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان شەيتانغا ئوخشاش خار بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ قَالَ لِلإِنْسَانِ اكْفُرْ فَلَمَّا كَفَرَ قَالَ إِنِّي بَرِيءٌ مِنْكَ إِنِّي أَخَافُ اللَّهَ رَبَّ الْعَالَمِينَ، فَكَانَ عَاقِبَتَهُمَا أَنَّهُمَا فِي النَّارِ خَالِدَيْنِ فِيهَا﴾ «ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئىنسانغا: «كاپىر بولغىن» دېدى. ئىنسان كاپىر بولغان چاغدا، شەيتان: ‹مەن سەندىن ئادا ـ جۇدامەن، مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھتىن قورقىمەن› دېدى. (شەيتان بىلەن ئىنساننىڭ) ئاقىۋىتى بىرلىكتە دوزاخقا كىرىش، دوزاختا مەڭگۈ قېلىش بولدى»[3].

5. ھەقىقەتنى جاكارلاشتا مالامەتتىن قورقمايدىغان بولۇش. نەپسنى پاك قىلغان ئادەم ھەقىقەتنى جاكارلاشتا مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بولىدۇ. ھەقىقەتنى جاكارلاشتا مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقماسلىق ئاللاھنىڭ مۇئمىنگە بەرگەن پەزىلىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا مَنْ يَرْتَدَّ مِنْكُمْ عَنْ دِينِهِ فَسَوْفَ يَأْتِي اللَّهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ يُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا يَخَافُونَ لَوْمَةَ لَائِمٍ ذَلِكَ فَضْلُ اللَّهِ يُؤْتِيهِ مَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، ئاللاھ (ئۇنىڭ ئورنىغا) ئاللاھ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كۆيۈندىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت

[1] تاھا سۈرىسى: 74 ـ، 75 ـ، 76 ـ ئايەتلەر.
[2] نازىئات سۈرىسى: 40 ـ، 41 ـ ئايەتلەر.
[3] ھەشر سۈرىسى: 16 ـ، 17 ـ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.

قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ (يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) ئاللاھنىڭ پەزلىدۇركى، (ئاللاھ ئۇنى (بەندىلىرىدىن) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، ئاللاھ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (ئاللاھ) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر»[1].

6. قەلبى ئىشەنچىگە تولۇش. نەپسىنى پاك قىلغان ئادەمنىڭ رەببىگە بولغان ئىشەنچىسى ئاشىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى كۆز ئالدىدا دېڭىزنى، ئارقىسىدا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى كۆرۈپ: پىرئەۋن بىلەن قوشۇنى بىزگە چوقۇم يېتىشۋالىدىغان بولدى دېيىشكەندە، مۇسا ئەلەيھىسسالام تولۇق ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دېگەن: «ھەرگىز يېتىشەلمەيدۇ. رەببىم ھەققەتەن مەن بىلەن بىللە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ»[2]. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغاندا قەلبى ئىشەنچىگە تولغان ھالدا مۇنداق دېگەن: ماڭا ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ۋەكىل. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غارنىڭ ئالدىغىچە يېتىپ كەلگەن كاپىرلارنى كۆرۈپ جىددىيلەشكەن ۋاقىتىدا، رەسۇلۇللاھ تولۇق ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇبەكرى! ئۈچىنچىسى ئاللاھ بولغان ئىككى كىشىگە گۇمانىڭ نېمە؟ غەم قىلمىغىن، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ هُمَا فِي الْغَارِ إِذْ يَقُولُ لِصَاحِبِهِ لَا تَحْزَنْ إِنَّ اللَّهَ مَعَنَا فَأَنْزَلَ اللَّهُ سَكِينَتَهُ عَلَيْهِ وَأَيَّدَهُ بِجُنُودٍ لَمْ تَرَوْهَا﴾ «ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (رەسۇلۇللاھ) ھەمراھىغا: «غەم قىلمىغىن، ئاللاھ ھەققەتەن بىز بىلەن بىللە» دەيتتى، ئاللاھ (پەيغەمبىرىگە) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، ئۇنىڭغا (پەرىشتىلەردىن بولغان) قوشۇنلار بىلەن مەدەت بەردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار»[3].

7. توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇش. ئىنساننىڭ ئىزدىنىشى ۋە توغرا يولنى تېپىشى قانچە مۇھىم بولسا، توغرا يولنى تاپقاندىن كېيىن، ئۇ يولدا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇستەھكەم تۇرۇشى تېخىمۇ مۇھىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالام قاتارلىق پەيغەمبەرلەر ئۆز ئوغۇللىرىغا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشنى ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېگەن. ﴿يَا بَنِيَّ إِنَّ اللَّهَ اصْطَفَى لَكُمُ الدِّينَ فَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنْتُمْ مُسْلِمُونَ﴾ «ئى ئوغۇللىرىم! ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇ دىنىنى (يەنى ئىسلام دىنىنى) تاللىدى، پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار (يەنى ئىمانىڭلاردا مەھكەم تۇرۇڭلار، تاكى ئىمان بىلەن كېتىڭلار)»[4]. ئاللاھ تائالا پۈتۈن مۆئمىنلەرنى شۇنىڭغا بۇيرۇپ مۇنداق

[1] مائىدە سۈرىسى: 54 ـ ئايەت.
[2] شۇئەرا سۈرىسى: 61 ـ، 62 ـ ئايەتلەر.
[3] تەۋبە سۈرىسى: 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] بەقەرە سۈرىسى: 132 ـ ئايەت.

دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ حَقَّ تُقَاتِهِ وَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنْتُمْ مُسْلِمُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار»[1].

نەپسىنى پاك قىلغان ئادەملەرلا توغرا يولدا ئاداققىچە مۇستەھكەم تۇرالايدۇ. توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇش ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى ئەسلى غايىسىدىن ئىبارەت بەندىچىلىك ماھىيىتىنىڭ ھەقىقىي نامايەندىسىدۇر. ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە مۇۋەپپەقىيەت ۋە غەلىبىلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا بارلىق پەيغەمبەرلىرىنى، جۈملىدىن مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنىمۇ توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿قَالَ قَدْ أُجِيبَتْ دَعْوَتُكُمَا فَاسْتَقِيمَا وَلَا تَتَّبِعَانِّ سَبِيلَ الَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ﴾ «ئىككىڭلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى، توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار، نادانلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار»[2]. ئاللاھ تائالا يەنە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى، پەيغەمبىرگە ئىمان ئېيتقان بارلىق مۇئمىنلەرنى توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿فَادْعُ وَاسْتَقِمْ كَمَا أُمِرْتَ﴾ «(ئى مۇھەممەد! بارلىق ئىنسانلارنى توغرا دىن ئاساسىدا ئىتتىپاق بولۇشقا) چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرغىن»[3]. ﴿فَاسْتَقِمْ كَمَا أُمِرْتَ وَمَنْ تَابَ مَعَكَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ سېنى بۇيرۇغاندەك توغرا يولدا بولغىن، ساڭا ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا يولدا بولسۇن»[4].

سۇفيان ئىبنى ئابدۇللاھ سەقەفىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: يارەسۇلۇللاھ، ئىسلامدا ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچكىمدىن سورىمىغىدەك، مۇھىم بىر ئىشنى دەپ بەرگەن بولسىلا دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىم دېگىن، ئاندىن توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرغىن»[5].

## نەپسىنى پاك قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى

نەپسىنى پاك قىلىش دەپ تەرجىمە قىلىنغان «تزكية النفس» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى يىلتىزى «الزكاة» سۆزلۈكىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ پاكىزلىماق ۋە يۈكسەلدۈرمەك دەپ ئىككى مەنىسى بار.

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 102 ـ ئايەت.
[2] سۈرىسى: 89 ـ ئايەت.
[3] سۈرىسى: 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرىسى: 112 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

نەپسنى پاك قىلىش ئۇسۇلى بىنا سېلىش ئۇسۇلىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، بىنا سېلىش ئاۋۋال يەرنى كېرەكسىز نەرسىلەردىن تازىلاپ، ياخشى ئۇل هازىرلاش؛ ئاندىن كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئېلىپ كېلىپ بىنا سېلىشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىدەك، نەپسنى پاك قىلىشمۇ ئاۋۋال ئۇنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، رىيا قىلىش، چوڭچىلىق قىلىش، ھەسەت قىلىش، بېخىللىق قىلىش قاتارلىقلارغا ئوخشىغان ناچار-رەزىل ئىللەتلەردىن تازىلاش؛ ئاندىن تەۋھىد يەنى ئاللاھ بار ۋە بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش، ئىخلاس قىلىش، سەۋر قىلىش، تەۋبە قىلىش، شۈكۈر قىلىش، مۇئامىلىسى ياخشى بولۇش قاتارلىقلارغا ئوخشىغان گۈزەل-پەزىلەتلىك ئەخلاقلار بىلەن يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىنسان نەپسنى ئىللەتلەردىن تازىلاش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئىللەت ۋە سەۋەبلەرنى بىلىش زۆرۈر. كېسەلنى سەزمىسە، سەۋەبلىرىنى بىلمىسە ئۇنى داۋالاش مۇمكىن بولمايدۇ. ئىنسان نەپسنى يېڭىش ئۈچۈن، نەپسى بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ تۆۋەندىكى مۇھىم ئۈچ ئاساسىغا ئەمەل قىلىشى لازىم:

1. نەپسنى ھەرگىز ئاقلىماسلىق. ئىنسان خاتالىقلاردىن خالى ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى ھەرگىز ئاقلىماسلىقى لازىم. مەسۇم پەيغەمبەرلەرمۇ ئۆزلىرىنى ئاقلىغان ئەمەس. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ أَعْلَمُ بِكُمْ إِذْ أَنْشَأَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ وَإِذْ أَنْتُمْ أَجِنَّةٌ فِي بُطُونِ أُمَّهَاتِكُمْ فَلَا تُزَكُّوا أَنْفُسَكُمْ هُوَ أَعْلَمُ بِمَنِ اتَّقَى﴾ «ئاللاھ سىلەرنى زېمىندىن ياراتقان ۋە ئاناڭلارنىڭ قورساقلىرىدىكى بالا ۋاقتىڭلاردىن تارتىپ ئوبدان بىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئۆزۈڭلارنى پاك ھېسابلىماڭلار، ئاللاھ تەقۋادار بولغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ»[1].

2. نەپسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالماسلىق. چۈنكى نەپس، زالىم ۋە جاھىل كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ ناھەقچىلىققا ئۇچرىغان بولسا، سەۋر قىلىش، يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇش لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ولمن صبر وغفر إن ذلك لمن عزم الأمور﴾ يەنى «كىمكى (ئەزىيەتكە) سەۋر قىلسا، (ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە مەرغۇپ ئىشلاردىندۇر»[2]. ﴿ادفع بالتي هي أحسن فإذا الذي بَيْنَكَ وَبَيْنَهُ عَدَاوَةٌ كَأَنَّهُ وَلِيٌّ حَمِيمٌ﴾ يەنى «ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان ئىللەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ»[3].

---

[1] نەجم سۈرىسى: 32 ـ ئايەت.

[2] شۇرا 43 ـ ئايەت.

[3] فۇسسىلەت سۈرىسى: 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

3. نەپسنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىك. نەپسنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش ئىنساننى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ئىمام بۇسىيرى رەھىمەھۇللاھ ئېيتقاندەك، ئىنساننىڭ نەپسى كىچىك بالىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇ نېمىگە كۆندۈرۈلسە شۇنىڭغا كۆنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسان نەپسنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەستىن، ئۇنى يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشقا، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا كۆندۈرۈش ۋە نەپسىدىن پات ـ پات ئىمتىھان ئېلىپ، سىناپ تۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلالىغاندا، نەپس ئىنساننى ئەمەس، ئىنسان نەپسنى باشقۇرىدىغان بولىدۇ. ناماز بامدات ئۈچۈن، ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرەلمىگەن، كىشىنىڭ ھەققىدىن قولىنى يىغالمىغان، شۆھرەت ۋە شەھۋەتپەرەسلىكتىن ئۆزىنى ساقلىنالمىغان نەپس كېسەل نەپسىدۇر[1].

## نەپسنى پاك قىلىشنىڭ ۋاستىلىرى

ئۆلىمالار نەپسنى پاك قىلىشنىڭ بىر قانچە ۋاستىلىرىنى بايان قىلغان بولۇپ، مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. تەۋھىد يەنى ئاللاھ بار ۋە بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش. تەۋھىد ئىنساننىڭ نەپسنى پاك قىلىشنىڭ مۇھىم ئاساسىدۇر. تەۋھىدى مۇكەممەل بولمىغان ئىنساننىڭ نەپسى مەكەممەل پاك بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسان تەۋھىدنى ياخشى ئۆگىنىشى لازىم. شېرىك ئېتىقاد ئىنساننىڭ نەپسنى كىرلەشتۈرىدىغان، ھەتتا ئىنساننىڭ بارلىق ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋېتىدىغان ئەڭ خەتەرلىك ئېتىقادتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ أُوحِيَ إِلَيْكَ وَإِلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكَ لَئِنْ أَشْرَكْتَ لَيَحْبَطَنَّ عَمَلُكَ وَلَتَكُونَنَّ مِنَ الْخَاسِرِينَ﴾ «ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەر)لەرگە: ‹ئەگەر سەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن، بەلكى يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن› دەپ ۋەھيى قىلىندى»[2].

2. ئاللاھقا كۆپ دۇئا قىلىش. ئىنساننىڭ نەپسنى پاك قىلغۇچى ھەقىقەتتە ئاللاھ تائالادۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، نەپسنى پاك قىلىشنى ئىرادە قىلغان ئادەم نەپسنى پاك قىلىپ بېرىشنى تىلەپ، ئاللاھقا كۆپ دۇئا قىلىشى، بولۇپمۇ

[1] ئەللامە مۇھەممەد ھەسەننىڭ «تزكية النفس» ناملىق كىتابىدىن.

[2] زۇمەر سۈرىسى: 65 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان بۇ دۇئانى كۆپ ئوقۇشى لازىم: {اللهم آت نفسي تقواها وزكها أنت خير من زكاها أنت وليها ومولاها} «ئى ئاللاھ، نەپسىمگە تەقۋالىق بەرگىن ۋە ئۇنى پاك قىلغىن، سەن ئۇنى ئەڭ ياخشى پاك قىلغۇچىسەن، سەن ئۇنىڭ ئىگىسى ۋە مەدەتكارىسەن»[1].

3. قۇرئان كەرىمنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئوقۇش. كۆپچىلىك مۇپەسسىرلەرنىڭ تەپسىرىگە كۆرە، بېرىلىپ ئوقۇش، ئەستايىدىللىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈش، ئوقۇغىنىغا ئەمەل قىلىش قۇرئان كەرىمنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئوقۇغانلىق بولۇپ، قۇرئان كەرىمنى مانا مۇشۇنداق ئوقۇش ئىنساننىڭ نەپسىنى پاك قىلىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ يَتْلُونَهُ حَقَّ تِلَاوَتِهِ أُولَئِكَ يُؤْمِنُونَ بِهِ﴾ «بىز ئاتا قىلغان كىتابنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئوقۇيدىغانلار بار، ئەنە شۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ»[2]. ﴿يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِهِ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ﴾ «(مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدۇ»[3].

4. ياخشى ئۈلگە تاللاش. نەپسىنى پاك قىلىشنى ئىرادە قىلغان ئىنسان ئۆزىگە ياخشى ئۈلگە تاللىشى لازىم. مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾ «سىلەرگە ـ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر»[4].

5. نەپسىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇش. نەپسىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇش ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يا أيها الذين آمنوا اتقوا الله ولتنظر نفس ما قدمت لغد﴾ «ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم قىيامەت كۈنى ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن»[5].
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: {الكيس من دان نفسه وعمل لما بعد الموت والعاجز من اتبع نفسه هواها وتمنى على الله الأماني} «ئاقىل ئۆز نەپسىدىن ھېساب ئالغان ۋە ئۆلۈمدىن كېيىنكى كۈنلەر ئۈچۈن ئەمەل قىلغان كىشىدۇر. ئاجىز نەپسى

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] بەقەرە سۈرىسى: 121 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] جۇمئە 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] ئەھزاب سۈرىسى: 21 ـ ئايەت.
[5] ھەشر سۈرىسى: 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

خاھىشىغا بېرىلگەن ۋە ئاللاھتىن قورقۇق ئارزۇلارنى كۆتكەن كىشىدۇر»[1].

6. ئۆلۈم ۋە قىيامەت كۈننى ئەسلەپ تۇرۇش. ئۆلۈم ۋە قىيامەت كۈننى ئەسلەپ تۇرۇش نەپسىنى پاك قىلىشنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردە ئىنسانلارغا ئۆلۈم ۋە قىيامەت كۈنى كۆپ ئەسلىتىلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردە، بولۇپمۇ، ۋاپات بولغانلارنى دەپنە قىلىش جەريانلىرىدا ساھابە كىراملارغا بۇ توغرىدا كۆپ ۋەز-نەسىھەتلەردە بولغان. «قەلبلەر تۆمۈر داتلاشقاندەك داتلىشىپ قالىدۇ، بۇ داتلارنى قۇرئان كەرىمنى ئوقۇش ۋە ئۆلۈمنى ئەسلەپ تۇرۇش چىقىرىۋېتىدۇ»[2].

7. سەۋر قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە جەزمەن ئىشىنىش. ئىنسان سەۋر قىلىش بىلەن نەپسىنى يېڭەلەيدۇ، ئۇنى ھاراملاردىن چەكلەپ، تائەت-ئىبادەتلەرگە يۈزلەندۈرەلەيدۇ. نەپسىنى پاك قىلىش سەۋر قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. سەۋر قىلغۇچىلارغا ھېسابسىز ئەجرى بېرىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إنما يوفى الصابرون أجرهم بغير حساب﴾ «پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ»[3].

ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە جەزمەن ئىشىنىش قەلبلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىنى چىقىرىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەۋر قىلغان ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە جەزمەن ئىشەنگەنلەر دىندا توغرا يول كۆرسەتدىغان پېشۋالاردىن سانالغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وجعلناهم أئمة يهدون بأمرنا لما صبروا وكانوا بآياتنا يوقنون﴾ «ئۇلار (كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسەتدىغان پېشۋالار قىلدۇق»[4].

—— ئاپتور: «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى»نىڭ ئەزاسى، مۇستەقىل ئىسلام تەتقىقاتچىسى

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇسالام تەكلىماكان

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.
[2] «مۇسنەد شىھاب».
[3] زۇمەر سۈرىسى: 10-ئايەت.
[4] سەجدە سۈرىسى: 24-ئايەت.



# ئىسلام فىقھىسى ۋە ئىسلامدىكى مەزھەپلەر

مۇھەممەد يۇسۇپ

«الفقه» (فىقھ) دېگەن سۆز لۇغەتتە چۈشىنىش ۋە بىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسلام ئاتالغۇسىدىكى مەنىسى توغرىسىدا ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە «نەپسىنىڭ ھوقۇق مەجبۇرىيەتلىرىنى بىلىشتۇر»[1] دېگەن. كېيىنكى ئۆلىمالار بولسا «شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تەپسىلىي دەلىللىرى بىلەن دەلىللەش ئارقىلىق بىلىشتۇر»[2] دېگەن. يەنى قۇرئان ۋە ھەدىس دەلىللىرى ئارقىلىق شەرىئەتنىڭ تەپسىلىي ئەھكاملىرىنى بىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئىسلام فىقھىسى - قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئېلىنغان ئەھكاملارنىڭ توپلىمى دېگەنلىك بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا ئىسلام فىقھىنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زوردۇر. چۈنكى ھەممىلا ئادەم قۇرئان ۋە ھەدىستىن بىۋاسىتە ھۆكۈم چىقىرىشنى بىلمىگەنلىكتىن، قۇرئان ۋە ھەدىستىن چىقىرىلغان ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام فىقھىگە موھتاجدۇر. ئاۋام خەلقنىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى بىلىشىنىڭ بىردىنبىر يولى ئىسلام فىقھىنى ئۆگىنىشتۇر. مۇسۇلمان ئادەم ئىسلام فىقھىسى ئارقىلىق نېمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنى قىلىدۇ، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنى قىلمايدۇ. قىسقىسى، ئىسلام فىقھىسى ئارقىلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى بىلىدۇ ۋە ئەمەل - ئىبادەتلىرىنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئېلىپ بارالايدۇ، ئىسلام فىقھىسى ئارقىلىق ئۇنىڭ يۈرۈش- تۇرۇشلىرى ۋە بارلىق ئىشلىرى سىستېمىلىق ھالدا توغرا شەكىلدە داۋام قىلىدۇ. دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىنى ئىسلام فىقھىسى سايىسىدا ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئېلىپ بارغان ئادەم دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك

[1] «البحر المحيط في أصول الفقه» 1 ـ توم، 36 ـ بەت.

[2] «رفع الحاجب عن مختصر ابن الحاجب» 244 ـ بەت.

ياخشىلىققا ۋە ھەممە ئىشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى ئىپادىلەپ: «ئاللاھ كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ»[1] دېگەن.

ھەر قايسى مەزھەپلەرنىڭ فىقھى كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلغان ئادەم بۇ كىتابلارنىڭ كۆپلىگەن دىنىي ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى ۋە بۇ ئەھكاملارنىڭ مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھاياتىنى رەتكە سېلىشقا يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ.

## ئىسلام فىقھىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئىسلام فىقھىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ زامانىدىلا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئىسلام فىقھىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق سەۋەب كىشىلەرنىڭ قۇرئان ياكى ھەدىسلەردە ھۆكۈمى بولمىغان يېڭىدىن مەيدانغا چىقىپ تۇرغان مەسىلىلەر ھەققىدە شەرئەت ئەھكاملىرىنى بىلىشكە بولغان زور ئېھتىياجىدۇر.

## ئىسلام فىقھىسىنىڭ تۈرلىرى

ئىسلام فىقھىسى ئىبادەت قىسمى، مۇئامىلە قىسمى، ئائىلە قىسمى، جىنايەت ۋە جازا قىسمى، جىھاد ۋە تىنچلىق قىسمى، سىياسەت ۋە دىپلوماتىيە قىسمى قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

ئىبادەت قىسمى ئەمەل - ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشنىڭ قائىدە - تەرتىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ناماز، تاھارەت، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

مۇئامىلە قىسمى مۇسۇلمانلارنىڭ پۇل - مال مۇئامىلىسى، ئېلىم - سېتىم ۋە ھالال ـ ھارام قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ئەھكاملىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئائىلە قىسمى ئۆيلىنىش، بالا ئېمىتىش، نەپىقە، تالاق، ۋەسىيەت، مىراس قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ دىنىي كۆرسەتمىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

جىنايەت ۋە جازا قىسمى قاتىللىق، ئوغرىلىق، زىنا- پاھىشە، قارا چاپلاش، ئالدامچىلىق، بۇزغۇنچىلىق، پارىخورلۇق قاتارلىق قىلمىشلارنى سادىر قىلغۇچىلارنى جازالاش ئارقىلىق تىنچلىقنى، تەرتىپنى ساقلاش ئۇسۇللىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

جىھاد ۋە تىنچلىق قىسمى ئىسلام دۆلىتى بىلەن باشقا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىكى مۇناسىۋەتنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئېلىپ بېرىش، تىنچلىق ۋە ئۇرۇشنىڭ پرىنسىپلىرى، كېلىشىم ۋە توختام قاتارلىقلارنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرىنى ۋە ئەھكاملىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

سىياسەت ۋە دىپلوماتىيە قىسمى ئىسلام دۆلىتىنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى سىياسەت ئىشلىرىنى، شۇنداقلا مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەر بىلەن بولىدىغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنىڭ چەك- چېگرىسى، قائىدە، پرىنسىپلىرى قاتارلىقلارنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. دېمەك، ئىسلام فىقھىسى مۇكەممەل ئىسلام قانۇنىدۇر.

## مەزھەپلەر

مەزھەپ ـ لۇغەت ئېتىبارى بىلەن بارىدىغان جاي دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە، ئىسلام ئاتالغۇسىدا، «مۇجتەھىد ئۆلىمالاردىن ھەربىرىنىڭ ئىجتىھادتىكى پەرقلىق چۈشەنچىسى ۋە ئەھكام ئىستىنبات قىلىشتىكى مېتودى»[1] دېگەنلىكتۇر. ئەمما مەزھەپلىشىش ـ ھەربىر مۇجتەھىد ئىمامنىڭ مەزھىپىنى چۆرىدىگەن ھالدا بارلىققا كەلگەن جامائەتلىشىش دېگەنلىكتۇر.

تېخىمۇ ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، مەزھەپ ـ ئىسلام دىنىدىكى پىكىر ئەركىنلىكىدىن پايدىلانغان مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ قۇرئاندا ياكى سۈننەتتە بولمىغان ماۋزۇلاردا مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەرنى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ھەل قىلىشى بىلەن مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئومۇملاشقان پىكىر ۋە تەتبىقلاردىن مەيدانغا كەلگەن جامائەتلىشىش دېگەنلىكتۇر.

## مەزھەپنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى

[1] «نظرية المقاصد عند الإمام الشاطبي» 63 ـ بەت.

مەزھەپلەرنىڭ پەيدا بولۇشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ساھابىلار زامانىدا كۆرۈلۈشكە باشلىغان.

مەزھەپلەرنىڭ كۆپ بولۇش سەۋەبلىرى

ئىسلام دىنىدا مەزھەپلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە تۈرتكە بولغان ئامىللار تۆۋەندىكىچە:

1. ئەرەب تىلىدىكى كۆپىنچە سۆزلەرنىڭ كۆپ خىل مەنىلەرگە دالالەت قىلىشى ۋە سۆزلۈك مەنىلىرىنىڭ مۇجمەللىكى ياكى ئومۇم ۋە خاسلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئېنىقسىزلىقى ياكى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن مەجازىي (باشقا بىر) مەنە ئوتتۇرىسىدا ئىپادىلىنىشىگە ئوخشىغان... مەسىلەن: ئەرەب تىلىدىكى«قۇرۇئ»سۆزى ئاياللارنىڭ ھەيزدارلىق ھالىتىگە دالالەت قىلغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ھەيزدىن پاكلانغانلىق ھالىتىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. «ئەمر» سۆزى بەزى ئۇرۇنلاردا«پەرز» گە دالالەت قىلسا، يەنە بەزى ئۇرۇنىدا «ۋاجىب» ياكى «مۇستەھەب (ياخشى كۆرۈلگەن)» ئىشلارغا دالالەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك «نەھيى» سۆزى بەزى ئۇرۇنىدا بىر ئىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بەزى ئۇرۇنىدا يەنە بىر ئىشنىڭ مەكرۇھلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿دىنىدا زورلاش يوق﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى «كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلىماڭلار» دېگەن مەنىدىكى چەكلەشنى ئىپادىلەمدۇ؟ ياكى «كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلىمىدۇق» دېگەن مەنىدىكى ئەمەلىي ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىشنىمۇ؟ ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەرنىڭ ھەقىقىي دالالىتى ۋە مەقسەت قىلىنغان مەنىسىنى چۈشىنىشتە بىر خىل بولمىغانلىقتىن مەزھەپلەر كېلىپ چىققان. ھەتتا ساھابىلارنىڭمۇ چۈشىنىشى بىر خىل بولمىغان.

2. ھەدىسلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى:

(1) بەزى ھەدىسلەر بەزى ئۆلىمالارغا يېتىپ بارغان بولسىمۇ، باشقىلىرىغا يېتىپ بارالمىغانلىقى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىسلام دىنىنى پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىغا يەتكۈزۈش يولىدا، يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ قىتئەلەرگە تارقاپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلاردىن ھەربىرى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ بىلگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنىلا يەتكۈزەتتى.

(2) ئۆلىمالاردىن بىرەرسىگە ھەدىس يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ

[1] بەقەرە سۈرىسى: 256 ـ ئايەت.

ئشەنچىسىز يول بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكىدىن ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ۋە باشقا بىرىگە شۇ ھەدىس ئىشەنچلىك يول بىلەن يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا كۆرە ئىش كۆرگەنلىكى.

(3) ئۆلىمالاردىن بىرەرسىگە ھەدىس ئىشەنچلىك يول بىلەن يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەدىسلەرگە مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن بەلگىلىگەن شەرتلىرىگە توغرا كەلمىگەنلىكى. مەسىلەن: ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ زامانىدا ئىراقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدىن يالغان ھەدىسلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىش دولقۇنى ئەۋجىگە چىققان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىپىنىڭ ھەدىس قوبۇل قىلىش شەرتى ئىنتايىن ئېغىر ۋە ئىنچىكە بولغان. ئەمما مەدىنىدە ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىمامى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ ھەدىس قوبۇل قىلىش شەرتى ئېغىر ئەمەس ئىدى.

## ئىسلام دۇنياسىدىكى مەزھەپلەر

ئىسلام دۇنياسىدا ئىككى تۈرلۈك مەزھەپ بولۇپ، بىرى، ئېتىقادىي (يەنى ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك) مەزھەپلەر، يەنە بىرى ئەمەلىي (يەنى ئەمەل-ئىبادەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك) مەزھەپلەردۇر.

ئېتىقادىي مەزھەپلەر: ئەھلى سۈننە، شىئە، مۇتەزىلە، خاۋارىخ، رافىزە، ئىسمائىلىيە، باھائىيە، ئابازىيە، جەبرىيە، قەدەرىيە قاتارلىق مەزھەپلەردۇر.

## ئەھلى سۈننە مەزھىپىنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى نوپۇز دائىرىسى

دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئەھلى سۈننە مەزھىپىگە ئەگىشىدۇ. شەرقىي تۈركىستان ۋە غەربىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى، تۇنگانلار، روسىيە، بالقان، ھىندىستان، پاكىستان، تۈركىيە، ھىندونوزىيە، شۇنداقلا ئافرىقا، ئەرەب ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار، ئومۇمەن بۈرۈن ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى (ياكى ئوسمان ئىمپېرىيىسى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئەھلى سۈننە مەزھىپىگە ئەگىشىدۇ.ئەمما ئىران، ئەزەربەيجان، بەھرەيىن ۋە ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردە شىئە مەزبىدىكى مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. دېمەك دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ يۈزدە 85 پىرسەنتى ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەگەشسە، 15 پىرسەنت مۇسۇلمانلار شىئە

مەزھىبىنى تەشكىل قىلىدۇ.

## ئىسلام دۇنياسىدىكى ئېتىقادىي مەزھەپلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى

ئىسلام دۇنياسىدا ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن ئىككى چوڭ ئېتىقادىي مەزھەپ بار. بىرى، ئەھلى سۈننە مەزھىپى، يەنە بىرى، شىئە مەزھىپىدۇر. كۈنىمىزدە بۇ ئىككى مەزھەبتىن باشقا مەزھەپلەر ئاساسىي جەھەتتىن تۈگەپ كەتتى، ياكى ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ سان جەھەتتىكى ئېغىرلىقى قالمىدى.

## شىئە مەزھەب ئېتىقادچىلىرىنىڭ كۈنىمىزدىكى ئىستاتىسكىلىق مەلۇماتى

يېقىنقى زاماندا ئېلىپ بېرىلغان ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، دۇنيادا 150 ـ 120 مىليون ئەتراپىدا شىئە بارلىقى مەلۇم. بۇ مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا شىئەلەرنىڭ ئومۇمىي مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەخمىنەن يۈزدە 12 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

شىئەلەرنىڭ ئاساسلىق مەركىزىنى تەشكىل قىلىدىغان دۆلەتلەر ئىران، ئەزەربەيجان، بەھرەين ۋە ئىراق بولۇپ، باشقا دۆلەتلەردىكى شىئەلەر قىسمەنلىكنى ئىگىلەيدۇ. شىئەلەر ئۆز ئىچىدە يەنە بىر قانچە مەزھەبلەرگە بۆلۈنسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاساسلىقى ئون ئىككى ئىمام مەزھىپىدۇر.

## ئون ئىككى ئىمام مەزھىپى

ئون ئىككى ئىمام مەزھىپى ئاۋۋىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈيئوغلى، تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبتىن باشلاپ، ئاخىرى مۇھەممەد ئىبنى ھۈسەين ئەسكەرى دېگەن كىشىگىچە جەمئىي 11ئىمامنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئۇلاردا ئىمام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بولغان پەرزەنتلىرى ئىچىدىنلا چىقىدۇ. ئۇلار: ھەسەن، ھۈسەين، زەينۇل ئابىدىن، مۇھەممەد باقىر، جەفەر سادىق، مۇسا كازىم، ئەلى رىزا، مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ھادى، ھەسەن ئەسكەرى، مۇھەممەد مەھدى قاتارلىقلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئون بىرىنچى ئىمامى ھۈسەين ئەسكەرى ھىجرىيەنىڭ 260 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد

ئاتىسىنىڭ ئىزىدىن ئىمام بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى. لېكىن ئۇ چۈشىنىشسىز بىر شەكىلدە يوقاپ كەتكەندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى شىئەلەر ئون ئىككىنچى ئىمام مۇھەممەدنى ئۆلمىدى، ئۇ چوقۇم مۇناسىپ بىر زاماندا «ئىمام مەھدى» بولۇپ، ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە دۇنيادا ئادالەتنى بەرپا قىلىدۇ، دەپ ئېلان قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىئەلەرنىڭ ئون ئىككى ئىمام مەزھىپىدە ئىماملىق ئاخىرلاشقان بولۇپ، ئۇلار مۇھەممەد مەھدىنىڭ چىقىشىنى كۈتىدۇ.

شىئەلەرنىڭ بۇ پىرقىسى ئون ئىككى ئىمام مەزھىپى، ئىمامىيە مەزھىپى، جەئفەرىيە مەزھىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئون ئىككى ئىمام مەزھىپى دەپ ئاتىلىشى ئۇلاردا ئىماملىقنىڭ ئون ئىككى ئىمام بىلەن ئاخىرلاشقانلىقى، ئىمامىيە دەپ ئاتىلىشى ئۇلارنىڭ ئىمام تىكلەشنىڭ پەرزلىكىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى ۋە جەئفەرىيە دەپ ئاتىلىشى شىئەلەرنىڭ ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ دەۋرىدە قۇدرەت تېپىپ يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەنلىكى سەۋەبتىن ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ فىقھىي مەسىلىلىرىدىكى مەزھەپلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىقتۇر.

شىئەلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىماملىرىنى پەيغەمبەر دەرىجىسىگىچە، ھەتتا بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىنمۇ يۇقىرى مەرتىبىلەرگە كۆتىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىماملىرىنى چوڭ-كىچىك ھەر قانداق بىر گۇناھتىن پاك كىشىلەر بولۇپ، ئۇلاردا ئۇنتۇپ قېلىش، خاتالىشىش بولمايدۇ، ئۇلار دۇنيا يارىتىلىشتىن بۇرۇن نۇرلۇق سۈرەتتە يارىتىلىپ بولغان، ئۇلار ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تىكلەنگەن ئىماملار بولۇپ، كارامەتلەر پەقەت شۇلارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

شىئەلەرنىڭ ئون ئىككى ئىمام مەزھىپى ھازىر ئىران، ئىراق، ھىندىستان، سۈرىيە ۋە ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە كۆپ تېپىلىدۇ.

مىلادىيىنىڭ 1500-يىلى ئىراندا پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان شاھ ئىسمائىل سەفەۋى شىئەلەرنىڭ ئون ئىككى ئىمام مەزھىپىنى ئىراننىڭ رەسمىي دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگەندىن بېرى بۇ مەزھەپ ھازىرغىچە ئىراندا دەۋر سۈرۈپ كەلمەكتە[1].

## ئەھلى سۈننە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا دەۋر سۈرۈۋاتقان فىقھى مەزھەپلەر

[1] مىسىر ۋەقىپ ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ «ئىسلامىي ئىشلار ئالىي كېڭەشى» تەرىپىدىن ھازىرلانغان «ئومۇمىي ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»دىن ئېلىندى.

ئەھلى سۈننە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا دەۋر سۈرۈۋاتقان فىقھى مەزھەپلەر تۆۋەندىكىلەر:

ھەنەفىي مەزھىپى

مالىكىي مەزھىپى

شافىئىي مەزھىپى

ھەنبەلىي مەزھىپى

## بىرىنچى: ھەنەفىي مەزھىپى

ھەنەفىي مەزھىپى ـ ئەھلى سۈننە مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر تۆت مەزھەپنىڭ بىرىنچىسىدۇر. ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى ۋە قۇرغۇچىسى ئىمام ئەزەم (ئەڭ چوڭ ئىمام)نىڭ تولۇق ئىسمى ـ سابىت ئوغلى نۇئمان بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ 80 ـ يىلى (699م) ھازىرقى ئىراقنىڭ كۇفە شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئەمەۋىلەر بىلەن ئابباسىيلاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ خەلىپىلىك زامانىدا ياشىغان، كاتتا مۇجتەھىد ئالىم. ئىمام ئەزەم تەقۋالىقى ۋە ھۇشيارلىقى بىلەن داڭق چىقارغان كىشى بولۇپ، تىجارەت ئىشلىرىدىمۇ راستچىللىقى ۋە توغرىلىقى بىلەن تونۇلغان زات ئىدى.

ئىمام ئەزەم ئۇستازى ھەممادنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مەسجىدتىكى تالىبلارنى ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۇ تالىبلارغا ئىنتايىن مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان ئىدى. ھەتتا ئىمام ئەبۇ يۈسۈپكە ئوخشىغان بەزى كەمبەغەل تالىبلارنىڭ مەئىشەت يولىدىكى پۈتۈن چىقىملىرىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى ئوقۇش بىلەنلا شۇغۇللىنىشقا ئۈندەيتتى.

ئىمام ئەزەم تالىبلارنى ئوقۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا تىجارەت ئىشىنىمۇ ئاقساتمىغان بولۇپ، كۇفە شەھرى مەركىزىدە خام ۋە يىپەك ساتىدىغان دۇكىنى بار ئىدى. ئۇنى ئۆزىنىڭ شېرىكى ماڭدۇرۇپ پايدىسىدىن ئۇنىمۇ نېسىۋىدار قىلاتتىكەن. ئىمام ئەزەمنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى بولۇپ، ئەڭ مەشھۇرلىرى «ئەل فىقھۇل ئەكبەر»، «ئەل مەخارىج فى ئەلفىقھ» دېگەن كىتابلىرىدۇر.

ئىمام ئەزەم ھىجرىيەنىڭ 150 ـ يىلى (767 ـ يىلى 14 ـ ئىيۇن كۈنى)

70 يېشىدا باغداد شەھرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، باغداد شەھرىنىڭ ئەئزەمىيە رايونى، دىجلە دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى خىرزان قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

## ئىمام ئەزەمنىڭ ئىسلام فىقھشۇناسلىقىدىكى مەرتىۋىسى

ئىمام ئەزەم ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر تۆت فىقھىي مەزھەپنىڭ پېشۋاسى ۋە ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىسىدۇر.

ئىمام شافىئىينىڭ ئۇستازى ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ ئىمام ئەزەمنى تەرىپلەپ مۇنداق دېگەن: «ئىمام ئەزەمدىن ئالىمىراق ۋە ئۇنىڭدەك ياخشى ناماز ئوقۇيدىغان بىرىنى كۆرگىنىم يوق»[1].

ئىمام شافىئىي ئىمام ئەزەمنىڭ ئىلمىي مەرتىبىسىنى بايان قىلىپ: «فىقھى ئىلمىدا ھەممىمىز ئىمام ئەزەمگە موھتاجمىز»[2] دېگەن ئىكەن.

ئاتاقلىق تىلشۇناس ۋە فەقىھ ئالىم نەزر ئىبنى شەمىل مۇنداق دېگەن ئىكەن: «كىشىلەر ھەممىسى ئۇيقۇدا ئىدى، ئىمام ئەزەم ئۆزىنىڭ ماھارىتى بىلەن ئۇلارنى ئويغاتتى»[3].

ئەللامە ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دېگەن: «فىقھى ئىلمىدە ئىمام ئەزەمدەك كامالغا يەتكەن بىرىنى كۆرمىدىم، تەقۋادارلىقتىمۇ ئۇنىڭدەك بىرىنى كۆرمىدىم»[4].

## ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ فىقھىي مەسىلىلىرىنى توپلىغانلار

ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ فىقھىي مەسىلىلىرىنى ئىمام ئەزەمنىڭ شاگىرتلىرىدىن 40 تىن كۆپرەك ئالىم يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكى ئۈچ كىشىدۇر:

1. ئىمام ئەبۇ يۇسۇپ، تولۇق ئىسمى ـ ئىبراھىم ئوغلى ياقۇب ئەل

[1] «تاريخ بغداد» 13 ـ توم 345 ـ بەت.
[2] «تاريخ بغداد»3 ـ توم 323 ـ بەت.
[3] «تهذيب التهذيب» 5 ـ بەت 604 ـ بەت.
[4] «ترتيب المدارك» 3 ـ توم 300 ـ بەت.

ئەنسارى ھەجرىيەنىڭ 113 ـ يىلى (731م) كۇفە شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن دىنىي ئىلىملەرگە قاتتىق قىزىقىش بىلەن يۈزلىنىپ، ئىمام ئەزەمنىڭ قولىدا 17 يىل مۇنتىزىم ئوقۇپ يېتىشكەن مۇجتەھىد ئالىم. ئابباسىيلار خەلىپىلىرىدىن خەلىپە مەھدىنىڭ زامانىدا باغداتتا ئىمام ئەبۇ يۈسۈپ قازى بولغان. كېيىنچە دۇنياغا مەشھۇر خەلىپە ھارۇن ئەل رەشىدنىڭ زامانىدا ئۇنىڭ مەنسىبى تېخىمۇ ئۆستۈرۈلۈپ قازى قۇززات (قازىلار قازىسى) بولۇپ تەيىنلەنگەن[1].

ئىمام ئەبۇ يۈسۈپنىڭ قازىلىق دەۋرى ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ گۈللىنىشى ۋە كەڭ تارقىلىشى ئۈچۈن ئالاھىدە رول ئوينىغان. ئىمام ئەبۇ يۈسۈپ ئىمام ئەزەمنىڭ بىرىنچى شاگىرتى بولۇپ، كاتتا ئۆلىمالاردىن بولۇپ يېتىشكەن ئىدى، ئۇ نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى يېزىپ قالدۇرغان، ئۇنىڭ «ئۇسۇلى فىقھى» (قانۇنشۇناسلىق پىرىنسىپى)نى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان[2]. ئۇ ھەجرىيەنىڭ 182 ـ يىلى (799م 21 ـ ئاپرېل كۈنى)، 69 يېشىدا باغداتتا ئالەمدىن ئۆتكەن، جىنازا نامىزىنى مەشھۇر ئابباسىيلار خەلىپىسى ھارۇن رەشىد ئۆزى ئوقۇغان.

2. ئىمام مۇھەممەد، تولۇق ئىسمى ھەسەن ئوغلى مۇھەممەد ئەل شەيبانىي بولۇپ، ھەجرىيەنىڭ 132 ـ يىلى (749م) ئىراقتا دۇنياغا كەلگەن. ئىمام مۇھەممەد ئىلىمدە كامال تاپقان مۇجتەھىد ئالىملاردىن بولۇپ، ئىمام ئەبۇ يۈسۈفتىن قېلىشمايتتى. ئۇ شۇ زامانىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن ئىدى. ئۇ ئىمام ئەزەمنىڭ ئىككىنچى شاگىرتى بولۇپ، ئىمام ئەزەمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىمام ئەبۇ يۈسۈپتە ئوقۇغان. ھەجرىيەنىڭ187 ـ يىلى (803م) ئالەمدىن ئۆتكەن.

3. ئىمام زۇفەر ئەلھۇزەيل ھەجرىيەنىڭ108 ـ يىلى (727م) ھازىرقى ئىراقنىڭ كۇفە شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ھەنەفىي مەزھىپىدىكى كاتتا مۇجتەھىدلاردىن بولۇپ، ئىمام ئەزەمنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان، خېلى كۆپ مەسىلىلەرنى يېشىپ چىقارغان كىشىدۇر. ئىمام زۇفەر ھەجرىيەنىڭ 157 ـ يىلى (774م) تەخمىنەن 47 ياشلار ئەتراپىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ھەنەفىي مەزھىپىدە مۇھىم مەسىلىلەردىن 17 مەسىلىدە ئىمام زۇفەرنىڭ رەيى بويىچە ئىش كۆرۈلۈپ

[1] قازىلىق مەنسىپى ئىمام ئەبۇ يۈسۈپتىن ئىلگىرىمۇ بار ئىدى، بۇرۇنمۇ قازى دېگەن نام بىلەن ئاتالغان كىشىلەر كۆپ ئىدى. شۇرەيھ قازى دېگەن كىشى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ دەۋرىدە قازى بولغان. ئەمما قازى قۇززات دېگەن ئۇنۋان تۇنجى قېتىم ئىمام ئەبۇ يۈسۈپكە بېرىلگەن.

[2] «ئۇسۇلى فىقھى»ھەققىدە تۇنجى ئەسەر يازغان كىشى توغرۇلۇق ئىختىلاپ بار. بەزىلەر بۇ ماۋزۇدا تۇنجى قېتىم ئەسەر يازغان كىشى ئىمام جەئفەر سادىق دېسە، يەنە بەزىلەر ئىمام ئەبۇ يۈسۈپ دەپ قارايدۇ. ئەمما كۆپ سانلىق ئۆلىمالار بۇ ماۋزۇدىكى تۇنجى ئەسەرنىڭ ئىمام شافىئىنىڭ «رىسالە» ناملىق ئەسىرى ئىكەنلىكىدە ئىتتىپا قتۇ ر .

كەلمەكتە[1].

## ئىككىنچى: مالىكىي مەزھىپى

مالىكىي مەزھىپى ـ ئەھلى سۈننە مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر تۆت مەزھەپنىڭ ئىككىنچىسىدۇر. مالىكىي مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام مالىك بولۇپ، تولۇق ئىسمى مالىك ئىبنى ئەنەس ئىبنى مالىكتۇر.

ئىمام مالىك ھىجرىيەنىڭ93 ـ يىلى (715م) مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ھەدىسشۇناسلىق ۋە فىقھشۇناسلىقتا كامالەتكە يەتكەن مۇجتەھىد ئالىم بولۇپ، كۆپلىگەن دىنىي ئەسەرلەرنى يازغان. ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئەل مۇۋەتتە» دۇر. ئىمام مالىك ھىجرىيەنىڭ 179 ـ يىلى (795م) مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە 84 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

مالىكىي مەزھىپى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە مەيدانغا كېلىپ ھىجاز (مەككە، مەدىنە ۋە بۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار)، مىسىر، ئافرىقا دۆلەتلىرى، ماراكەش، ئەندەلۇس (ئىسپانىيە) قاتارلىق رايونلارغىچە بېرىپ يەتكەن. ھازىرقى زاماندا مالىكىي مەزھىپىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق رايونلىرى ئافرىقا دۆلەتلىرى، ماراكەش، تۇنىس، ئالجىرىيە، لىۋىيە، سۇدان قاتارلىق دۆلەتلەر بولۇپ، ئىراق، ھىجاز، پەلەستىن ۋە سۈرىيەلەردىمۇ ئاز ساندا تېپىلىدۇ.

## ئۈچىنچى: شافىئىي مەزھىپى

شافىئىي مەزھىپى ـ ئەھلى سۈننە مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر تۆت مەزھەپنىڭ ئۈچىنچىسىدۇر. شافىئىي مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام شافىئىي بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئەل شافىئىيدۇر.

ئىمام شافىئىي ھىجرىيەنىڭ 150 ـ يىلى (767م) ھازىرقى پەلەستىننىڭ غەززە رايونىدا دۇنياغا كەلگەن ۋە ئىككى يېشىدا ئاتىسى بىلەن مەككىگە كەلگەن. كېيىنچە ئىمام مالىكتا فىقھى ۋە ھەدىس ئىلىملىرىنى ئوقۇغان. ئەرەب تىلى،

---

[1] «المدخل إلى الفقه الإسلامي» ناملىق ئەسەردىن.

ئەرەب ئەدەبىياتى، قۇرئان، ھەدىس ۋە فىقھى ئىلىملىرىدە كامالەتكە يەتكەن ئىمام شافىئىي ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك دىنىي ئەسەرلەرنى ۋە شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرغان مۇجتەھىد ئالىمدۇر. ئۇ يەنە ئىراققا بېرىپ ئىمام ئەزەمنىڭ شاگىرتلىرىدا فىقھى ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن. كېيىنچە مىسىرغا ھىجرەت قىلغان ۋە ھىجرىيەنىڭ 202-يىلى (819م) مىسىردا ۋاپات بولغان.

ئىمام شافىئىينىڭ «كونا» ۋە «يېڭى» ئىككى مەزھىپى بولۇپ، ئىراقتىكى ۋاقتىدا كونا مەزھىپى، مىسىرغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېڭى مەزھىپى ئوتتۇرىغا چىققان.

شافىئىي مەزھىپى ھازىر مىسىر، پەلەستىن، كۇردلار ياشايدىغان رايونلار، ئىران، ھىندونېزىيە، پاكىستان ۋە لىۋان قاتارلىق جايلاردا ئومۇملاشقان.

## تۆتىنچى: ھەنبەلىي مەزھىپى

ھەنبەلىي مەزھىپى-ئەھلى سۈننە مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان مەشھۇر تۆت مەزھەپنىڭ تۆتىنچىسىدۇر. ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنبەل ئەل شەيبانىيدۇر. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ھىجرىيەنىڭ 163-يىلى (780م) ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ مەرۋە دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. باغدات، مەككە، يەمەن، شام (سۈرىيە ۋە لىۋان)، بەسرە ۋە كۇفە شەھەرلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان مۇجتەھىد ئالىم. ئىمام شافىئىي باغدادتا بولغان چاغلىرىدا ئۇنىڭدا فىقھى ئىلىملىرىنى ئوقۇغان. كۆپلىگەن دىنىي ئەسەرلەرنى يازغان. باغداتتىكى ئابباسىيلار خەلىپىسى مەئمۇن مۇتەزىلە مەزھىپىنىڭ «قۇرئان مەخلۇقتۇر» دەيدىغان پىكىرنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۆلىمالارنى بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلىشقا زورلىغاندا، ئىمام ئەھمەد بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلمىغان. شۇ سەۋەبلىك 28 ئاي تۈرمىدە ياتقان ھەمدە كۆپ ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتقان. ئۇ ھىجرىيەنىڭ 271-يىلى (855م) ھازىرقى ئىراقنىڭ پايتەختى باغداد شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

ھەنبەلىي ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ نەجدە رايونىدا پۈتۈنلەي ئومۇملاشقان بولۇپ، ھىجازدىمۇ كۆپ ساندا تېپىلىدۇ. پەلەستىن، سۈرىيە ۋە لىۋان قاتارلىق دۆلەتلەردە شافىئىي مەزھىپىدىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ مەزھەپ ھەنبەلىي

مەزھىپى ھېسابلىنىدۇ.

## شىئەلەردە دەۋر سۈرۈۋاتقان مەشھۇر فىقھى مەزھەپلەر

شىئەلەردە دەۋر سۈرۈۋاتقان مەشھۇر فىقھى مەزھەپلەر زەيدىيە ۋە جەئفەرىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەزھەپتۇر.

زەيدىيە مەزھىپى ـ تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چەۋرىلىرىدىن زەيد ئىبنى ئەلى ئىبنى زەينىل ئابىدىن دېگەن كىشىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ، بۇ كىشى ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بىلەن زامانداش ئىدى.

زەيدىيە مەزھىپىنىڭ فىقھىي قاراشلىرى ئەھلى سۈننە مەزھىپىدىكى مەشھۇر تۆت مەزھەپنىڭ فىقھىي قاراشلىرىغا ئەڭ يېقىندۇر. ئېتىقادىي قاراشلىرى مۆتەزىلە مەزھىپىنى ئاساس قىلىدۇ. ھەتتا مۆتەزىلە مەزھىپى ئىمام زەيدنى ئۆزلىرىنىڭ پىكرىي جەھەتتىكى ئىمامى ھېسابلايدۇ. بۇ مەزھەپ مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە مەيدانغا چىققان بولۇپ، ھازىر يەمەن جۇمھۇرىيىتى تېررىتورىيەسىدە دەۋر سۈرمەكتە.

جەئفەرىيە مەزھىپى ـ ئەھلى بەيتنىڭ 6 ـ چوڭ ئىمامى ۋە كاتتا ئالىم ئىمام جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇرىدلىرى بولۇپ، بۇ كىشى شىئەلەرنىڭ فىقھىي مەسىلىلىرى بويىچە ئەڭ چوڭ ئىمامى ھېسابلىنىدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە كۇفە شەھرىدە، ئىمام مالىك مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە ئىمام جەئفەر سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كۆپلىگەن فىقھىي مەسىلىلەرنى ئۆگەنگەن.

جەئفەرىيە مەزھىپى ھازىر ئىران، ئىراق، ئەزەربەيجان، بەھرەين، لىۋان، تاجىكىستان، پاكىستان، ھىندىستان ۋە ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە دەۋر سۈرمەكتە.

## ئەھلى سۈننە مەزھىپى ئىچىدە مۇنقەرز بولغان فىقھىي مەزھەپلىرى

ئەھلى سۈننە مەزھىپى ئىچىدە تۈگەپ كەتكەن فىقھىي مەزھەپلىرى تۆۋەندىكىلەر:

1. ئىمام لەيس ئىبنى سەئد (93 ـ 174ھ/712 ـ 791م) نىڭ مەزھىپى. بۇ مەزھەپ مىسىردا مەيدانغا چىققان بولۇپ، ئىمام شافىئىينىڭ مەزھىپى ئومۇملاشقانغا قەدەر داۋام قىلغان.

2. ئىمام داۋۇد زاھىرىي (199 ـ 269ھ/815 ـ 883م) نىڭ مەزھىپى. بۇ مەزھەپ باغدادتا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقنىڭ 4 ـ ئاساسى بولغان قىياسنى ئېتىراپ قىلمايتتى، ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلىپ كېيىنچە يوقىلىپ تۈگەشكەن.

3. ئىمام ئابدۇراھمان ئەۋزائىي (88 ـ 157ھ/707 ـ 774م) نىڭ مەزھىپى. بۇ مەزھەپ سۇرىيىدە مەيدانغا چىققان بولۇپ سۇرىيە، لىۋان، ئىسپانىيە قاتارلىق جايلاردا ئومۇملاشقان. كېيىنچە، سۇرىيىدە ئىمام شافىئىينىڭ، ئىسپانىيىدە ئىمام مالىكنىڭ مەزھىپى ئومۇملىششى نەتىجىسىدە، بۇ مەزھەپكە ئەگىشىدىغانلار تەدرىجى تۈگەپ كەتكەن.

## دۇنيادا قانچىلىك مۇسۇلمان ھەنەفىي مەزھىپىگە ئەگىشىدۇ؟

غەيرى رەسمىي ئىستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەر، شەرقىي تۈركىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان، تاتارىستان قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى، تۈركىيە، مىسىر، لىۋان، سۇرىيە، ئىئوردانىيە ۋە ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى ھەنەفىي مەزھىپىگە ئەگىشىدىكەن. مىسىر، لىۋان، سۇرىيە، ئىئوردانىيە، ئافغانىستان ۋە ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مەھكىمە شەرئىيلەر ھازىرمۇ ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىپى بويىچە ئىش كۆرمەكتە ئىكەن. ئومۇمەن ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى (ياكى ئوسمان ئىمپېرىيىسى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىپى ئورۇن ئالغان بولۇپ، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرىنىڭ كۆپرەكى ھەنەفىي مەزھىپىگە ئەگىشىدىكەن. جەنۇبىي ئامېرىكىدىمۇ 25 مىليوندىن كۆپرەك مۇسۇلمان ھەنەفىي مەزھىپىگە ئەگىشىدىكەن[1].

## مەزھەپكە ئەگىشىشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

[1] «المدخل في الفقه» ناملىق ئەسەردىن .

مەزھەپكە ئەگىشىش زۆرۈرمۇ؟

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى باشقا دىنلاردىكىگە ئوخشاش قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشقا تەشەببۇس قىلمايدۇ، بەلكى تەقلىدچىلىكنى ناھايىتى قاتتىق سۆكىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئالدى بىلەن ئەقىل ئىشلىتىشكە، ئۆزىنىڭ پايدا - زىيىنىنى بىلىپ، توغرا يولغا ئەگىشىشكە چاقىرىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ۋەھيىنىڭ ﴿ئوقۇ﴾ [1] دېگەن بۇيرۇق بىلەن باشلانغانلىقى، يەنە قۇرئان كەرىمنىڭ ﴿بىلگىنكى، ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر﴾ [2] دېگەن چاقىرىقى كىشىلەرنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇش ئۈچۈن ئوقۇشقا، ئاندىن پايدىلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە چاقىرىشتا قاتتىق تەلەپ قويۇلغانلىقىنى ئىپادىلىسە، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ ئەقىل ئىشلەتمەستىن، توغرا - خاتانى ئايرىماستىن، ھەدەپ ئاتا - بوۋىلىرىنى قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشتەك بىكىنمە روھىي ھالىتىنى سۆكۈپ ﴿ئۇلارغا ئاللاھ چۈشۈرگەن ھۆكۈمگە، پەيغەمبەر بايان قىلغان ھۆكۈمگە ئەگىشىڭلار دېيىلسە، ئۇلار: «ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى بىزگە كۇپايە» دەيدۇ﴾ [3] دېگەنلىكى ئىسلام دىنىنىڭ پىكىر ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىش، ئەقلىنى قوللىنىپ ئىش كۆرۈشكە چاقىرىشتەك ئەۋزەللىكىنىڭ ۋە ھەققانىيلىقىنىڭ ئايرىم بىر دەلىلىدۇر.

ئەمما قۇرئان كەرىم كاپىرلارنى تەقلىد قىلىشنى سۆككەن بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى مۇستەقىل بىلەلمىگەن مەسىلىلەردە، ئۆلىمالارنى تەقلىد قىلىشنى چەكلىگەن ئەمەس.

## ئىسلام مەزھەپلىرىنى تەقلىد قىلىشنىڭ ھۆكمى

ئەمدى، ئىسلام مەزھەپلىرىنى تەقلىد قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئېتىقادىي مەسىلىلەردە ئەھلى سۈننە مەزھىپىگە ئەگىشىش زۆرۈردۇر. چۈنكى ئەھلى سۈننە —— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا تولۇق ئەگىشىشنى ئاساس قىلغان ھالدا بارلىققا كەلگەن، ئېتىقادى ئەڭ ساغلام مەزھەپتۇر. شۇ سەۋەبتىنمۇ دۇنيا

[1] قۇرئان كەرىمدىن ئەڭ دەسلەپ چۈشكەن ۋەھيى ئەلەق سۈرىسىنىڭ بېشىدىن مۇنۇ 5 ئايەتتۇر: «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى».

[2] مۇھەممەد سۈرىسى 19 - ئايەت.

[3] مائىدە سۈرىسى 104 - ئايەت.

مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى بۇ مەزھەپكە ئەگىشىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ ئېتىقادى توغرا ۋە ساغلام بولمىسا، ئۇنىڭ قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى پايدا بەرمەيدۇ.

ئەمما ئەمەل ـ ئىبادەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك فىقھىي مەزھەپلەرگە ئەگىشىش مەسىلىسىدە ئۆلىمالار مۇنداق قارايدۇ:

1. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ ئىتتىپاقى بويىچە، قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئۆزلىرى ئوقۇپ، چۈشىنىپ، شەرئىي ئەھكاملىرىنى بىلىشتىن ئاجىز كەلگەن ئاۋام خەلقنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەت مەسىلىلىرىدە، مۇئەييەن بىر مەزھەپنى تەقلىد قىلىشى (ئەگىشىشى) جائىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر. چۈنكى ئاۋام خەلقمۇ ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن شەرئەت بويىچە ئىش كۆرۈشكە چاقىرىلغان. شەرئەت بويىچە ئىش كۆرۈش ئۈچۈن شەرئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش شەرت. ئۇلارنىڭ شەرئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىشىنىڭ بىرلا يولى بىلگەنلەرنى تەقلىد قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بىلمەيدىغان كىشىلەرنى بىلىدىغان ئۆلىمالاردىن سوراپ ئۆگىنىشكە ئەمر قىلغان. ﴿ئەگەر بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار﴾[1].

2. شەرئەت ئەھكاملىرىنىڭ دەلىللىرىنى ئۆز ئىجتىھادى بىلەن كۈچلۈك ياكى زەئىپ دەپ ئايرىيالايدىغان مەرتىبىگە يەتمىگەن ئۆلىمانىڭ مۇئەييەن بىر مەزھەپنى تەقلىد قىلىش ياكى قىلماسلىقى ئىختىيارىدۇر. يەنى خالىسا بىرەر مەزھەپكە ئەگىشىدۇ، خالىسا ئۆزى بىلگىنىچە ئىش كۆرىدۇ.

3. ئۆز ئىجتىھادى بىلەن شەرئەت دەلىللىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئۇلاردىن دىنىي مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش سەۋىيىسىگە يەتكەن كىشىنىڭ كۈچى يەتمىگەن بەزى مەسىلىلەردىلا باشقا بىرىنى تەقلىد قىلىشى جائىزدۇر. ئەمما ئۆزىنىڭ كۈچى يېتىدىغان مەسىلىلەردە باشقىلارنى تەقلىد قىلىشى جائىز ئەمەس.

ئاۋامنىڭ بىرەر مەسىلىدە رۇخسەت ياكى ئوڭايلىق ئىزدەپ ئۆلىمالارنىڭ رۇخسەتلىرى ئارقىسىدىن چېپىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۆزى مەنسۇپ بولغان مەزھىپىدىن باشقا بىر مەزھەپكە رۇخسەت ئىزدەپ ئۆتۈش ئۆلىمالارنىڭ سۆزىنى شەرئەت دەلىللىرىدىن ئۈستۈن بىلگەنلىك ۋە دىنىي مەسىلىلەرنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

[1] نەھل سۈرىسى: 43 ـ ئايەت.

## مەزھەپ چۈشەنچىسى

ئىسلام دۇنياسىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان ھەنەفىي، شافىئىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي قاتارلىق مەشھۇر تۆت مەزھەپنىڭ ھەقلىقى ۋە توغرىلىقىدا شەك يوق. بۇلار مەرتىبە جەھەتتىمۇ ئوخشاشتۇر. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنبئىى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت بولۇپ، بۇ مەزھەپلەرنىڭ ھەر قايسىسىغا ئەگىشىش جائىزدۇر.

ئەمما مەزھەپ رەيىنى دىنىنىڭ رەيى دەپ قاراپ، باشقىلارنىڭ تۇتقان يولى ئۆزى ئەگەشكەن مەزھەپنىڭ رەيىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەزھىپىگە قارىغۇلارچە تەئەسسۇبلۇق قىلىشىمۇ ئىلىم ئەھلىگە ياراشمايدىغان بىر ئىش. چۈنكى مەزھەپنىڭ رەيى شۇ مەزھەپنىڭ دىن روھىدىن چۈشەنگەنلىرى ۋە بىلگەنلىرى خالاس. شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، مەزھەپنىڭ رەيى توغرا ۋە خاتاغا ئېھتىمالى بولغان كۆز قاراشلاردۇر. چۈنكى پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچقانداق ئىنسان خاتالىقلاردىن خالىي ئەمەس.

مۇجتەھىدلار دىنىي مەسىلىلەردە ئىجتىھاد قىلىپ توغرىسىنى تاپقان بولسا بىر ھەسسە ساۋابقا، ئەگەر خاتالاشقان بولسا ئىككى ھەسسە ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقى ئىسلام دىنىدا قارار قىلىنغان بىر ھەقىقەتتۇر.

—— ئاپتور: مۇستەقىل ئىسلام تەتقىقاتچىسى، مول ـ ھوسۇللۇق يازغۇچى

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەختەمجان ھەسەن



# مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم-پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى

ئابدۇرېھىم دۆلەت

## مۇقەددىمە

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇزۇن دەۋرلىك مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىدىكى ئىلىم-پەن ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن ئالەمشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، بۈگۈنكى كۈندە بىلمەسلىكى ياكى ئۇنتۇپ قىلىشى تولىمۇ ئېچىنارلىق بىر ئەھۋالدۇر. ھازىر ئىلىم-پەن تىلغا ئېلىنسا دەرھال ئېسىمىزگە غەرب كېلىدۇ، ئىسلام دۇنياسى تىلغا ئېلىنسا ئېسىمىزگە پەقەتلا دىنىي ئىلىملەر كېلىدۇ. ئىسلام ئىلىم-مەرىپەت تارىخىدا پەقەت دىنىي ئىلىملەرلا مەۋجۇت بولغاندەك، ئالىم ئاتالغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت دىنىي ئىلىملەر بىلەنلا شۇغۇللىنىپ، شۇ ساھەدىلا ئەسەرلەر ئىجاد قىلغاندەك، تەبىئىي پەن ساھەسى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئەزەلدىن سەل قارىلىپ كەلگەندەك، دۇنيا ئىلىم-پەن تارىخىغا ئىسلامنىڭ ھېچقانداق ھەسسىسى بولمىغاندەك بىر تۇيغۇ، غەيرى مۇسۇلمان خەلقلىرىگىلا ئەمەس، ئەڭ مەسخىرىلىكى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىمىزغىمۇ شۇنداق تەبىئىي بىر رەۋىشتە ئۆزلىشىپ كەتكەن. تۈركىيەلىك بۈيۈك بىلىم تارىخچىسى ئۇستاز فۇئات سەزگىن مۇنداق دەيدۇ: ‹ بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلارنىڭ تارىختا ئىلىم-پەندە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە مۇسۇلمانلارنى ئىشەندۈرۈش، غەرپلىكلەرنى ئىشەندۈرۈشتىن قىيىن›. بىزنىڭ مىلادى 8-ئەسىردىن تاكى 15-ئەسىرگىچە بولغان يەتتە يۈز يىلدىن ئارتۇق بىر ئۇزۇن مۇددەت ئىچىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاسترونومىيە، خىمىيە، فىزىكا، جۇغراپىيە، خەرىتىچىلىك، ماتېماتىكا، مىمارچىلىق قاتارلىق ساھەلەردە يەتكەن يۈكسەك سەۋىيە ۋە يېتىشكەن دۇنياۋىي سەۋىيەدىكى ئالىملاردىن ئاساسەن دېگۈدەك خەۋىرىمىز يوق. بىز ئۇ دەۋرنى غەرپ تارىخچىلىقىدىكى ‹ ئوتتۇرا ئەسىر› ئۇقۇمىنىڭ ئىپادىلەيدىغان

مەنىسى بىلەن قاراڭغۇ بىر جاھالەت دەۋرى دەپ چۈشىنىمىز. ھالبۇكى، غەرب دۇنياسى ئۆچۈن زۇلمەت دەۋر ھېسابلانغان بۇ ئوتتۇرا ئەسىر، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەكسىچە ئىلىم-مەرىپەتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە مىسلىسىز نەتىجىلەر ياراتقان بىر ئالتۇن دەۋر ئىدى. ھازىر بىز ‹ئۇچۇشنى تۇنجى قېتىم مۇسۇلمانلار سىناق قىلغان، ئامېرىكىنى كولومبودىن بۇرۇن مۇسۇلمانلار بايقىغان، تىرىگونومېترىيەنى مۇسۇلمانلار ئىجاد قىلغان، ئاتوم ئېنېرگىيەسى ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى قاراشلارنى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىغا قويغان، جەمىيەتشۇناسلىقتا مۇسۇلمانلار ئاساس سالغان، يەر شارىنىڭ يۇملاقلىقىنى ئەڭ ئاۋال مۇسۇلمانلار بايقىغان دېسەك، بەلكى ھەممىمىز ھەيران قالىمىز. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ خەۋىرىمىز يوق پاكىتلاردۇر.

تېمىغا نىسبەتەن زىيادە قىسقا تۆۋەندىكى بۇ ماقالىدە، ئىسلام ئىلىم-پەن تارىخىدىكى بەزى ئاچقۇچلۇق ئالىملارنى چۆرىدەپ تۇرۇپ، بىزگە نىسبەتەن قاراڭغۇ قالغان بۇ ئۇزۇن دەۋرگە ئازراق بولسىمۇ چىراق تۇتۇشقا تىرىشىمىز.

## فىزىكا

مۇسۇلمانلار ئالىملار فىزىكا ساھەسىدە نۇرغۇنلىغان تېئورىما ۋە قانۇنلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ يەردە ئەڭ ۋەكىللىك دەپ قارىلىدىغان ئىبنى ھەيسەم ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئىلىم-پەن تارىخچىلىقىنىڭ بوۋىسى جورج سارتون ئىبنى ھەيسەمگە ‹ پۈتۈن دەۋرلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئوپتىكچىسى› دەپ باھا بېرىدۇ. ئىبنى ھەيسەم 965-يىلى ئىراقنىڭ بەسرە شەھرىدە دۇنياغا كېلىپ، 1039-يىلى مىسىرنىڭ قاھىرە شەھرىدە ۋاپات بولغان. ئىبنى ھەيسەم ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، ئوپتىكا ساھەسىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى قالدۇرغان بولسىمۇ، ھەققىي مۇۋەپپەقىيىتى ئوپتىكا ساھەسىدە بولغان. ئىبنى ھەيسەمنىڭ ئېلىپ بارغان نۇرغۇن تەجرىبىلىرى ۋە تەتقىقاتلىرى بىلەن ئوپتىكا ئىلمىنىڭ پىرىنسىپ-قائىدىلىرى خېلى سىستېمىلىق ھالغا كەلگەن. ئۇ نۇرنىڭ يانتۇ يېيىلىشى، سايىلەر، قاراڭغۇ ئۆي، نۇرنىڭ قايتىشى، سۇنۇشى، ھەسەن-ھۈسەننىڭ شەكىللىنىشى دېگەندەك نۇر بىلەن ئالاقىدار ھادىسىلەرنى كونا بىلىملەر ۋە ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ ماتېماتىكىلىق ئۇسۇل بىلەن ئىزاھلىغان.

ئىبنى ھەيسەم غەربتە **(alhazen)** ئىسمى بىلەن مەشھۇر بولغان. ئۇ تەجرىبىلەردە كۆپۈنكى، پېتىنقى ئەينەكلەرنى ئىشلەتكەن، ئوقۇش كۆزەينىكىنى ئەڭ بۇرۇن كەشىپ قىلغان. گېرمان شەرقشۇناسى سىگرىد خانك **(Sigrid hunke)** ئۆزىنىڭ ‹ ياۋروپانى يورۇتقان ئىسلام قۇياشى› ناملىق كىتابىدا ئىبنى ھەيسەمگە مۇنداق باھا بېرىدۇ:‹

بۇ تالانتلىق ئالىمنىڭ غەربكە كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنتايىن بۈيۈكتۇر. ئۇنىڭ ئوپتىك فىزىكىسى ھەققىدىكى نەزەرىيەلىرى تاكى يېڭى دەۋرلەرگە قەدەر ياۋروپادا ھاكىم ئورۇندا تۇرغاندى. ئىنگلىز ئالىمى روجىر باكون (roger bacon)دىن، گېرمان ئالىمى ۋىتېللو (witello) غىچە بولغان دەۋردىكى ئوپتىكا ئىلمى alhazen يەنى ئىبنى ھەيسەمنىڭ نەزەرىيىلىرىگە تايىنىدۇ. گالىلېي تېلىسكوپىنىڭ كەينىدە ئالخازېن ( ئىبنى ھەيسەم) نىڭ كۆلەڭگىسى باردۇر›.

ئىبنى ھەيسەمنىڭ ئوپتىكا تېمىسىدىكى گىگانت ئەسىرى ‹ كىتابۇل مىنزار› دۇر. كىتاپ 12-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا لاتىنچىگە تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارىلىدۇ. مەزكۇر كىتاب مەشھۇر ئالىم كېپلىر، پەيلاسوپ دېكارت، باكونلارغىچە تەسىر كۆرسەتكەن. كىتاپ يەتتە بۆلۈمدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، كۆرۈش مەسىلىسى، نۇرنىڭ مەنبەسى، يېيىلىشى، رەڭ، نۇرنىڭ سۇنۇشى، قايتىشى، كۆزنىڭ قۇرۇلمىسى، سەزگۈدىكى پەرقلەر، كۆرۈشتىكى نۇقسانلار قاتارلىق تېمىلارنى تەتقىق قىلغاندۇر.

## خىمىيە

ئەڭ دەسلەپتە مۇسۇلمانلار خىمىيە (kimya) دىن بۇرۇن سىميا (simya) بىلەن شۇغۇللانغان. بۇنىڭ ئاساسلىق مەقسەتلىرىنىڭ بىرى مېتاللارنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇش بولسا، يەنە بىرى ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى ئىكسىر ياساش ئىدى. بۇ رەسمىي مەنىدىكى بىلىم بولمىغاچقا، كېيىن بۇنى ئىسلام ئالىملىرىمۇ سېھىر بىلەن بىر تۈرگە قويۇپ، سىميا بىلەن شۇغۇللىنىشنى چەكلىگەن ئىدى.

خىمىيەنىڭ ئاتىسى دەپ بىلىنگەن مۇسۇلمان ئالىم ئەبۇ مۇسا جابىر ئىبنى ھەييانىدۇر. ئۇ مىلادى 721-يىلى خوراسانىنىڭ تۇس شەھرىدە دۇنياغا كېلىپ، 815-يىلى كۇفەدىكى لابوراتورىيىسىدە ۋاپات بولدى. ئۇ نەزەرىيە ۋە تەتبىقات ئىككىلا تەرەپتىن ھازىرقى زامان خىمىيە ئىلمىنىڭ قۇرغۇچىسى ھېسابلىنىدۇ.

*جابىر ئىبنى ھەييان تۇنجى خىمىيە تەجرىبىخانىسىنى قۇرغان.

*مەخسۇس تەجرىبە ئەسۋابلىرىنى ئىجات قىلغان.

*ھەر خىل كىسلاتالارنى كەشىپ قىلغان. ئېلېمېنتلار ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى بايقاشلارنى قولغا كەلتۈرگەن.

*پاراشوك شەكلىدىكى زەھەرنى ئىشلەپ چىققان.

فرانسۇز شەرقشۇناس، ئىلىم-پەن تارىخچىسى بېرتولت (berthold) «ئوتتۇرا ئەسىردە خىمىيە» ناملىق كىتابىدا جابىر ئىبنى ھەييانغا مۇنداق باھا بېرىدۇ: «ئارىستوتېلنىڭ لوگىكىدىكى ئورنى قانداق بولسا، جابىر ئىبنى ھەييانىنىڭ خىمىيەدىكى ئورنى شۇنداقتۇر».

جابىر ئىبنى ھەييانىنى ئەڭ تەپسىلى تونۇتقان كىشى دوكتور فۇئات سەزگىندۇر. فۇئات سەزگىن جابىر ئىبنى ھەييانىنىڭ خىمىيەدىلا ئەمەس، تىبابەت، فىزىكا، ئاسترونومىيە، پەلسەپە ساھەسىدىمۇ نۇرغۇن ئەسەرلەرنى مىراس قالدۇرغان، دۇنيا تارىخىدا ئاز كۆرۈلىدىغان بىلىم ئادىمى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. جابىر ئىبنى ھەييان ئابباسىلار خەلىپىسى ھارۇن رەشىد دەۋرىدە باغداتقا كېلىدۇ ۋە شۇ چاغدىكى مەشھۇر باش ۋەزىر يەھيا ئىبنى بەرمەكنىڭ كېسەللىنى داۋالاپ ئېتىبارغا ئېرىشىدۇ ۋە ئوردىنىڭ كىمياگەرلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. كېيىن يەھيا ئىبن بەرمەكنىڭ ئېتىبارىنى يوقىتىشى بىلەن ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ ئوردىدىن قېچىپ چىقىدۇ ۋە كۇفەگە قايتىپ ئۆزىنىڭ لابوراتورىيەسىدە تەتقىقاتىنى داۋام قىلىدۇ.

جابىر ئىبنى ھەييان مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بىزگە بىر قاتار فىزىكىلىق قانۇنىيەتلەرنى بەرگەندۇر. بىز بۇلار ئارقىلىق، ئۆسۈملۈك، ھايۋان، ھەتتا ئىنساننىمۇ ياساپ چىقالىشىمىز مۇمكىن. ئاللاھ ئىنسانغا شۇنداق ئىقتىدار بەرگەنكى، ئىنسان بۇنىڭ بىلەن كائىناتتىكى پۈتۈن سىر پەردىلىرىنى ئېچىشقا قادىردۇر».

ئۇنىڭ ئاتومنىڭ پارچىلىنىشى ھەققىدىكى سۆزلىرىمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ ۋە ھەيران قالدۇرىدۇ: «ماددا بىر زىچ ئېنېرگىيەدۇر، شۇڭلاشقا يۇنان فىزىكلىرىنىڭ ماددىلارنىڭ تەكرار، تەكرار بۆلۈنۈپ ئەڭ ئاخىرىدا بۆلۈنمەس بىر ھالغا كېلىدىغانلىقى ۋە ماددىلارنىڭ يەنە پارچىلانمايدىغان سانسىزلىغان تەركىبلەردىن تۈزۈلىدىغانلىقى ھەققىدىكى دەۋاسى خاتادۇر. ئۇلار پارچىلانمايدۇ دېگەن ئەڭ كىچىك بىرلىك بولغان ئاتوم يەنە پارچىلىنىدۇ ۋە بۇ پارچىلىنىش بىلەن غايەت زور ئېنېرگىيە ھاسىل بولىدۇ. بۇ شۇنداق بىر ئېنېرگىيەكى-ئاللاھ ساقلىسۇن- زەررىنىڭ بۇ شەكىلدە پارچىلىنىشى بىلەن پۈتۈن باغدات شەھرىنى كۇمپەيكۇم قىلىۋېتەلەيدۇ. بۇ ئاللاھتائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر».

ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن ئەبۇ بەكرى رازى، ئىبن سىنا، فارابى قاتارلىقلار جابىر ئىبنى ھەييانىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئوزۇق ۋە ئىلھام ئالغان.

ماتېماتىكا

گەرچە ئىسلام دۇنياسىدا ماتېماتىكا پەيدا بولۇپ تەرەققىي قىلىشتىن بۇرۇن، قەدىمقى يۇناندا ماتېماتىكا مەلۇم دەرىجىدە ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ماتېماتىكىلىق ئىزدىنىشلەر ئاساسەن توختاپ قالغان. ئۇلارنىڭ ماتېماتىكىسىدىكى ‹ سانلار سىستېمىسى› دا نۆل ئۇقۇمى يوق ئىدى. تۆۋەندە بىز بىر قانچە ماتېماتىكا ئالىمىنىڭ بۇ ساھەدىكى تۆھپىلىرىنى بايان قىلىمىز.

## خارەزمى

خارەزمى 780 ـ يىلى خارەزمىنىڭ ھىۋە شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن، 850 ـ يىلى باغداتتا ۋاپات بولغان. خارەزمىنى تىلغا ئالماي تۇرۇپ، ماتېماتىكا، ئارىفمېتىكا، ئالگورىزىم، ئالگېبرالارنىڭ تارىخىنى يېزىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى شەرق، غەرب ئالىملىرى ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان بىر پاكىتتۇر. مەن بۇ يەردە ئۇ ھەل قىلغان ماتېماتىكىلىق مەسىلىلەرنىڭ تەپسىلاتلىرىغا چوڭقۇرلىماي ھەممە ئادەم ئوڭاي چۈشىنەلەيدىغان، خارەزمىنىڭ تۆھپىسى ھېسابلىنىدىغان بىر قانچە نۇقتىنى بايان قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمەن.

*ئەسلىدىكى ھىندىستان رەقەملىرى خارەزمىنىڭ سىستېمىلاشتۇرۇشى بىلەن ئەرەب رەقەملىرى نامىدا ماتېماتىكىدا قوللىنىلىشقا باشلىغان.

*نۆلنى خارەزمى كەشىپ قىلغان.( نۆلنىڭ ماتېماتىكىدا قانچىلىك مۇھىملىقىنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىگە ئىگە ئادەملەرمۇ بىلىدۇ. بۈگۈن ئەڭ ئاددى ھېسابلاشلارنىمۇ نۆلسىز قىلىش مۇمكىن ئەمەس)

*سانلار سىستېمىسىنى تۈزۈپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن دۆلەت دائىرىلىرىدە بۇ سىستېما رەسمىي قوللىنىلىشقا باشلىغان. مۇسۇلمان ماتېماتىكچىلار بۇ سىستېمىغا تايىنىپ، تۆت ئەمەللىك ھېسابلاشنى باشلىغان.

*ئالگېبرانى بەرپا قىلغان.

*بەيتۇل ھېكمەتنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

*ئالگورىزىم ئاتالغۇسى ئەسلىدە خارەزمىنىڭ ئىسمىنىڭ لاتىنچىدىكى بۇزۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن كەلگەن.

* ئۇنىڭ ‹ ئەلجەبىر ۋەل مۇقابەلە› ئالگېبرانىڭ ئۇلتاش كىتابىدۇر.

*بۇ كىتاپتا تۇنجى قېتىم ئىككىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىلەرنى يەشكەن.

*ئۇنلۇق سانلار سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان.

*كەسىرلەرنى ئىجاد قىلغان.

خارەزمىنىڭ يەنە جۇغراپىيە ھەققىدىمۇ مۇھىم تەكشۈرۈشلىرى ۋە ئەسەرلىرى بار بولۇپ، بۇ يەردە پەقەت ماتېماتىكا ساھەسىدىكى نەتىجىلىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

## ئەبۇل ۋەفا بۇزجانى

بۇزجانىنىڭ ھاياتى ھەققىدە قولىمىزدا تەپسىلى مەلۇماتلار يوق. پەقەت مەۋجۇت مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇزجانى 940-يىلى ھىرات ۋە نىشاپۇر ئارىسىدىكى بۇزجان كەنتىدە تۇغۇلغان، 998-يىلى باغداتتا ۋاپات بولغان. بۇزجانى ماتېماتىكا تارىخىدا ترىگونومېترىيەنىڭ قۇرغۇچىسى دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ئىلىم-پەن تارىخچىسى فلورىيان كاجورى (florian cajori) ‹ ماتېماتىكا تارىخى› ناملىق ئەسىرىدە بۇزجانى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ‹ بۇزجانى شۈبھىسىزكى خارەزمىنىڭ ماتېماتىكا ۋە گېئومېترىيەدىكى بايقاشلىرىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان، بولۇپمۇ گېئومېترىيە بىلەن ئالگېبرا ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئالگېبرالىق تەڭلىمىلەرنى گېئومېترىك يوللار بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك يەشكەن. دىففېرېنسىئال ھېساب ۋە ئانالىتىك گېئومېترىيەنىڭ ئاساسىنى بەرپا قىلغان. مەلۇمكى، دىففېرېنسىئال ھېساب ئىنسان ئەقلى بايقىغان ئىنتايىن مۇھىم بايقاشلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىرقى زامان بىلىم-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ھۇلىنى شەكىللەندۇرگەندۇر. بۇنىڭدىن باشقا بەتتانىڭ ئەسەرلىرىنى شەرھلەپ ئۇنىڭدىكى چۈشىنىكسىز قىسىملارنى ئايدىڭلاتقان›.

بۇزجانىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى ‹ كىتابۇل كامىل› دۇر.

## بەتتانى

859-يىلى ھەررانىنىڭ بەتتان يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئەسلى ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى جابىر ئىبنى سىنان ئەرراقىدۇر. ئەبۇ ئابدۇللا ياكى بەتتانى دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر. 929-يىلى ۋاپات بولغان.

بەتتانى ئىلىم-پەن تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم ئاسترونوم ۋە ماتېماتىكچىدۇر. بۇ يەردە پەقەت ماتېماتىكا ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىنىلا تىلغا ئالىمەن. بەتتانى ماتېماتىكىدا

تۇنجى قېتىم سىنۇس، كوسىنۇس، تانگېنۇس ئۇقۇملىرىنى قوللانغان كىشىدۇر. بەتتانى سىنۇس، تانگېنۇس جەدۋەللىرىنى سىزىپ چىققان. ۋە بۇنىڭ بۇ ئەمگەكلىرى ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن يەنە بىر بۈيۈك ماتېماتىك بۇزجانىغا ئاساس سالغان. سىنۇس ۋە كوسىنۇس ترىگونومېترىيەنىڭ ئىككى ئاساس ئۇقۇمىدۇر.

## ئۆمەر ھەييام

ئۇيغۇرلاردا شائىرلىقى بىلەن تونۇلغان ئۆمەر ھەييام ئەسلىدە بۈيۈك ماتېماتىكتۇر. ھاياتى ھەققىدىكى مەلۇماتلار يېتەرلىك ئەمەس. كۆپ سانلىق تارىخچىلار تەرىپىدىن تۇغۇلغان ۋاقتى 1048ـ1038 يىللىرى ئارىسىدا، ۋاپاتى بولسا 1132ـ1123 ـ يىللىرى ئارىسىدا دەپ قارىلىدۇ. نىشاپۇرنىڭ يېقىنلىرىدا تۇغۇلغان بولۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان، قەبرىسىنى ھېلىھەم مىڭلارچە ئىنسان زىيارەت قىلىدۇ.

ئۆمەر ھەييام بۈيۈك سەلجۇقلار دەۋرىدە ياشىغان بولۇپ، بۈيۈك سەلجۇق سۇلتانى مەلىكشاھنىڭ چاقىرىشى بىلەن ئوردىغا بېرىپ، بىر كالىندار تۈزۈپ بەرگەن. بۇ كالىندار ئىراندا ھازىرمۇ قوللىنىلماقتا.

*ئۆمەر ھەييام ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئون ئۈچ خىل پەرقلىق تەڭلىمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان .

*تەڭلىمىلەردىكى نامەلۇم سانلارنى ‹ شەيئى › دەپ ئاتىغان، بۇ ئۇقۇم ھازىر ماتېماتىكىدا قوللىنىلىۋاتقان X كە ئايلانغان.

*ئىككى ئەزالىقنى يېيىشنى تۇنجى بايقىغان ۋە قوللانغان كىشى ئۆمەر ھەييامدۇر.

*پاسكال ئۈچبۇلۇڭى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان بۇ ماتېماتىكىلىق بايقاش ئەسلىدە ئۆمەر ھەييامغا تەۋەدۇر.

*ئۇ يازغان ‹ جەبىر رىسالەسى› ئوتتۇرا ئەسىر ماتېماتىكا كىتابلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئۆرنەك، تۈزۈلۈشى چۈشىنىشلىك كىتابلارنىڭ بىرىدۇر.

*ئۇ يەنە ‹ ئېۋكىلىدنىڭ كىتابىدىكى قىيىن مەسىلىلەرگە شەرھ› ناملىق بىر كىتاب يازغان.

نەسرۇددىن تۇسى

1201 ـ يىلى تۇس شەھرىدە تۇغۇلغان، 1274 ـ يىلى باغداتتا ۋاپات بولغان. تۇسى بىلىمنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىدە يۈكسەك سەۋىيەدە يېتىشكەن يېتۈك بىر ئالىم بولۇپ، ئەڭ ئاساسلىق تۆھپىسى ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكىدا گەۋدىلىنىدۇ.

بەتتانى ھۇلىنى بەرپا قىلغان، بۇزجانى مۇستەھكەملەپ سىستېمىلاشتۇرغان ترىگونومېترىيە تۇسى تەرىپىدىن ھەقىقىي مەنىدىكى مۇستەقىل پەنگە ئايلاندۇرۇلدى. ئۇنىڭ ترىگونومېترىيىگە ئالاقىدار كىتابى ھازىرمۇ قوللىنىلىۋاتقان بەزى فورمۇلىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ مەزكۇر كىتابى ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇزۇن بىر مۇددەتكىچە قوللانما كىتاب بولۇپ پايدىلىنىلغان ئىدى. تۇسىنىڭ ماتېماتىكا كىتابىنىڭ ئىسمىمۇ ‹ ئەلجەبىر ۋەل مۇقابەلە› دۇر.

ماتېماتىكا ساھەسىدىكى ئالىملار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، سەھىپە ئېتىبارى سەۋەبىدىن پەقەت ئەڭ ۋەكىللىك بىر قانچەيلەننى تونۇشتۇرۇش بىلەن كۇپايىلەندۇق.

## تېبابەت

ئامېرىكا جورج ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى سەييىد ھۇسەين نەسرى مۇنداق دەيدۇ: ‹ئىسلام تېبابىتى ۋە ئۇنىڭ دورىگەرلىك، تاشقى كېسەللىكلەر قاتارلىق تارماقلىرى مەنئۇي ئۇرۇقنى ئىسلامدىن ئالغان ھەمدە يۇنان، ھىندىستان تېبابىتىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدىن ئوزۇقلىنىپ تەرەققى قىلغان›.

بىلىشىمىز كېرەككى، ئىسلام مەدەنىيەت تارىخىدا تېبابەت ئىلمىي ئىنتايىن قارشى ئېلىنغان ۋە ئەڭ سۆيۈلگەن بىر ئىلىم ئىدى. نۇرغۇن دىنىي ئۆلىمالار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تېۋىپ، ھەكىم ئىدى. بۇ ئەھۋال بىزنىڭ تارىخىمىزدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ھەدىس شەرىفلەردە داۋالىنىش، كېسەللىك ھەققىدە يۈزلىگەن ھەدىسلەر بار بولۇپ، ‹ پەيغەمبەر تېبابىتى› دېگەن ئاتالغۇمۇ شەكىللەنگەن. مەشھۇر ئالىم ئىبىن قەييۇم جەۋزىنىڭ ‹ پەيغەمبەر تېبابىتى› دېگەن ئەسىرى مۇشۇ تېمىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر. ( مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىمۇ بار) تېبابەت تىلغا ئېلىنغىنىدا، كالللىمىزغا دەماللىققا ئۇيغۇر تېبابىتىمىز كېلىدۇ، ھەرگىزمۇ ئوپېراتسىيە قىلىش، ئوكۇل ئۇرۇش، بەدەن ئاناتومىيىسى دېگەندەك غەرب مېدىتسىناسىغا تەئەللۇق ئۇقۇملار كەلمەيدۇ. ئەمما ئەسلى پاكىتلار بۇنداق ئەمەس.

مەشھۇر شەرقشۇناس جاكيۇس رىسلېر (jaques risler) ‹ ئەرەب مەدەنىيەتى› ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ‹ مۇسۇلمانلار تەخمىنەن بەش ئەسىردىن ئۇزۇن بىر مۇددەتتە، دۇنيا تېبابىتىنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىدە تۇردى. ھەزرىتى مۇھەممەدتىن كەلگەن تېبابەتكە ئالاقىدار ھەدىسلەر 300گە يېقىن. 622 ـ يىلىدىن 661 ـ يىلىغىچە

بولغان خۇلەفائى راشىدىنلار زامانىدا ھەكىملەر تېڭىقچىلىق، داغلاش، قان ئېلىش، ھجامەت (لوڭقا قويۇش) قاتارلىق تېخنىكىلارنى بىلەتتى. يەنە ئۇنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى مۇسۇلمانلار تىبابىتىنىڭ بىر چوڭ شەنگەن مەنىدىكى نوقۇل «تېۋىپلىق» لا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «مۇسۇلمانلار قەدىمقى يۇنانلىقلار ئاچمىغان يولنى ئاچقان. سەۋرلىك، بوشاشماس، ئەستايىدىل ئىزدەنگۈچىلەر بولغانلىقتىن، تېببىي كۆزىتىشلىرىنى توپلىغان. ئۇ دەۋرلەردىن باشلاپ، تىبابەت رەسمىي تەجرىبىۋى ماھىيەت ئالغان. ئەلى ئىبنى ئابباس ئۆزىنىڭ تەتقىقاتلىرىنى بۇرۇنقى كىتابلاردىن ئەمەس، بەلكى دوختۇرخانىلاردىن توپلىغىنىنى تىلغا ئالىدۇ. شۇ دەۋردىن باشلاپ، مەدرىسلەرگە ئىلىم ـ پەن بۆلۈملىرى، تىبابەت فاكۇلتېتلىرى، لابوراتورىيەلەر قوشۇلغان». ئارتۇر پېلىگرىنو مۇنداق دەيدۇ: «پۈتۈن ئوتتۇرا ئەسىر بويىچە، مۇسۇلمانلار بولۇپمۇ تىبابەت ساھەسىدە ئىنكار قىلغۇسىز ئۈستۈن ئورۇندا ئىدى. مۇسۇلمان ھەكىملەر كېسەللىك مەنبەسى، جەريانى، كېلىنىش كۆزىتىش ھەتتا ئوپېراتسىيە ساھەلىرىدىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى».

مەسىلەن: ئىسپانىيەدە ياشاپ ئۆتكەن ئىبن زۇھر (1091 ـ 1162) تىبابەتكە «ئىلمىي تەپەككۇر پرىنسىپلىرى» نى ئېلىپ كىرگەن. ئۇ مۇنداق مۇھىم مەسىلىنى بايقىغان: «ئىنسان بەدىنى ئۆزىنى ئۆزى ساقايتىشقا قادىردۇر». (ئىممۇنىتېت ئۇقۇمى) نەپەس يوللىرى ئوپېراتسىيەسى ھەققىدە ماقالىلەر يازغان. كېسەلگە قان تومۇرى ياكى باشقا سۈنئىي يوللاردىن ئوزۇقلاندۇرۇش مۇمكىنچىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاشقازاندىكى ياكى بەدەننىڭ مەلۇم ئەزاسىدىكى راكنىڭ باشقا ئەزاغا يۆتكىلىش ئېھتىماللىقىنىمۇ تىلغا ئالغان.

تىبابەت ئىسلام جۇغراپىيەسى ئىچىدە باشقا تەبىئىي پەنلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئەڭ تەرەققىي قىلغان بىر پەن ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۇپراق ئىچىدىكى باغدات، ئەندەلۇس (ھازىرقى ئىسپانىيە)، تۈركىستان، ۋە ئانادولۇدا ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى زامانىۋى دوختۇرخانىلار قۇرۇلغان. ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر مەدەنىيەت تارىخچىسى ۋىل دىيۇرانتىنىڭ زور ھەجىملىك ئەسىرى «دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى» دا مۇنداق دەيدۇ: «تارىختىكى تۇنجى ئامبولاتورىيە ۋە دورىخانىلارنى مۇسۇلمانلار قۇرغان. ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۇنجى دورىگەرلىك مەكتىۋىنى ئۇلار قۇرغان. دورىگەرلىككە ئالاقىدار كاتتا ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ دەۋردە ئىسلام ئالەمىدە ئوتتۇز تۆت دوختۇرخانا قۇرۇلغان. ھەتتا نېرۋا كېسەللىرى ئۈچۈن ناھايىتى ئىنسانچىل داۋالاش ئۇسۇللىرى تەدبىقلىغان. 931 ـ يىلى باغداتتا 860 ھەكىم بار ئىدى، ھەر بىر دوختۇرخانىدا بىر باش ھەكىم بولاتتى. ھەر سەھەر بىمارلارنى بىر ـ بىرلەپ يوقلاپ ھال ئەھۋاللىشاتتى. باش ھەكىمگە شاگىرت ھەكىم، ياردەمچى، كېسەل باققۇچىلار (ھازىرقى مەنىدىكى سىستېرا) ھەمرا بولاتتى. باش ھەكىملەر بوش ۋاقىتلىرىدا تەتقىقات، ئىزدىنىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئىلمىي يىغىنلار بولاتتى. كېسەللەر تامامەن ھەقسىز داۋالىناتتى..»

تۆۋەندە بىز ئەڭ ۋەكىللىك دەپ تونۇلغان بىر قانچە تىبابەت ئالىمىنى قىسقىچە

تونۇشتۇرىمىز:

## مۇھەممەد ئىبنى زەكەرىيا رازى

بۇ زات ئەبۇ بەكرى رازى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. ئۇ بەلكىم ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى كلىنىك ھەكىم بولسا كېرەك. 865-يىلى ئىراننىڭ رەي (ھازىرقى تېھران) شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن ۋە ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەن. رازى ئوتتۇرىغا قويغان تېبابەتكە ئالاقىدار بىلىم-مەرىپەتلەرنى تەپسىلاتى بىلەن تونۇشتۇرۇشقا مەزكۇر ماقالە يار بەرمەيدۇ. رازى يەنە ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر پەيلاسوپلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇ تېبابەتنى ئەلى ئىبنى رەبباندىن ئۆگەنگەن دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئىزدەنگەن برۇنى رازىنىڭ 184 پارچە ئەسىرىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بىزگە ئۇلىشالىغان ئەسەرلىرى كۆپ ئەمەس. ‹ئەلھاۋى› ئۇنىڭ تېبابەت ساھەسىدىكى يېتۈك ئەسىرىدۇر، شۇنداقلا بۇ ئەسەر ئىسلام تېبابىتىدىكى ئەڭ زور ھەجىملىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. رازى ئەسلىدە ئاۋال رەي شەھىرىدە كېيىن باغداتتىكى چوڭ دوختۇرخانىدا ئەمەلىي كېسەل داۋالىغان. بولۇپمۇ باغداتتىكى ئەڭ چوڭ دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى بولغان. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ بۇ ۋەكىللىك ئەسىرى ئۆزىنىڭ داۋالاش تەجرىبىلىرى ۋە كېسەللەرنى بىۋاستە كۆزىتىشلىرىنى بىرىكتۈرۈپ يېزىلغاندۇر. يەنى ئۇ نوقۇل بىر تېبابەت كىتابىلا يازغان ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي كېسەل داۋالىغان بىر دوختۇردۇر.

## ئىبنى سىنا

ئىبن سىنا مۇسۇلمان ئالىملىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلارغا ئەڭ تونۇشلۇق ئىسىملاردىن بىرىدۇر. ئىبن سىنا بەلكىم ئىنسانلار تارىخى شاھىد بولغان ئەڭ زېرەك، ئەڭ ئۇنۇمدار، ھوسۇلدار ئىنسانلارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە ئۇ ئون يېشىدىلا قۇرئاننى يادلاپ بولغان، ئون ئالتە يېشىغىچە ئاساسەن دېگۈدەك شۇ دەۋردىكى بارلىق ئىلىم-پەن تارماقلىرىنى مۇپەسسەل ئىگەللىگەن. ئۇ 980-يىلدىن 1037-يىلغىچە بولغان قىسقىغىنا 57 يىللىق ئۆمرىدە ئۇزۇن-قىسقا بولۇپ جەمئى 250 پارچە كىتاب يازغان. ھەتتا ئۇنىڭ بەزى كىتابلىرىنى ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ يازغانلىقىمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ تېبابەتكە ئائىت ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى ھەممىمىزگە تونۇشلۇق ‹ئەلقانۇن فىت تىب› (تېبابەت قانۇنلىرى) دۇر. غەربتە ئاۋىيسېنا نامى بىلەن تونۇلغان ئىبن سىنانىڭ مەزكۇر بۈيۈك ئەسىرى ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپادا يۈز يىللارچە دەرسلىك قىلىنغان ۋە كۆپ نەشر قىلىنغان تېبابەت كىتابىدۇر. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىنى ئىسلام

تېبابىتىنىڭ چوققىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئىبنى سىنا نوقۇل بەدەن كېسەللىكلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى روھىي كېسەللىكلەرگىمۇ دىققىتىنى قاراتقان، ئۇ خامۇشلۇق كېسىلىگە ناھايىتى ئەتراپلىق ئېنىقلىما بەرگەن. (مەزكۇر ئەسەر ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان).

## ئاسترونومىيە

سەييىد ھۈسەين نەسر مۇنداق دەيدۇ: ‹مۇسۇلمانلار ئاسترونومىيەدە ئىران، ھىندى مەنبەلىك بىلىملەرگە تايىنىش بىلەن بىرگە، يۇنان ئاسترونومى پتولېمېيغىمۇ ياخشى ۋارىسلىق قىلغان، ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرغان ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام ئاسترونومىيەسى ئۆزىنىڭ تارىختىكى ئەڭ پارلاق دەۋرىنى ياراتقان›.

ئاbباسىيلار دەۋرىدىكى ئاسترونوم مۇھەممەد ئىبنى فەززارى ئىسلام ئاسترونومىيىسىدە تۇنجى ئۇستۇرلابنى ئىجاد قىلدى. ئاbباسىيلار خەلىپىسى مەئمۇن دەۋرىدە ‹ بەيتۇلھېكمەت› نىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن پارلاق دەۋرگە كىرگەن تەرجىمىچىلىك ھەرىكىتىدە يۇنانلىق پتولېمېينىڭ مەشھۇر ئاسترونومىيە كىتابى ‹ئالماگېست› (Almagest) ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئىسلام جۇغراپىيەسىدىكى ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا ئاساس سالغان ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇلاردىن كېيىن بەتتانى كەلگەن. بەتتانى ئىسلام ئاسترونومىيە تارىخىدىكى ئەڭ ئېنىق، ئەڭ توغرا ئۆلچەشلەرنى ئېلىپ بارغان ئاسترونومدۇر. بەتتانى قۇياشتىن ئەڭ يىراق نۇقتىنىڭ داۋاملىق يىراقلىشىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇنىڭ بىلەن قۇياشنىڭ تارتىش كۈچىنى بايقىغان. ئۇنىڭ ‹ يۇلتۇزلار ئىلمى ھەققىدە› ناملىق كىتابى غەرب دۇنياسىدا ئۇزاققىچە مۇشۇ ساھەنىڭ ئانا كىتابلىرىدىن بولۇپ كەلگەن. كوپېرنىكمۇ نۇرغۇن يەرلەردە بەتتانىدىن نەقىل ئالغىنىنى ۋە ئۇنىڭغا تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈپ ئۆتىدۇ.

بەتتانى رەققە شەھرىدە بىر رەسەتخانا قۇرغان بولۇپ، بۇ رەسەتخانا 887 ـ 918 ـ يىللىرى ئارىسىدا مۇھىم كۆزىتىشلەرنى ئېلىپ بارغان. قۇياش، ئاي تۇتۇلۇشىنى كۆزەتكەن، پەسىللەرنىڭ مۇددىتىنى ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدىكى ئېنىقلىق بىلەن ھېسابلاپ چىققان. ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىرى قۇياش يىلىنىڭ 365 كۈن بەش سائەت قىرىق ئالتە مىنۇت يىگىرمە تۆت سېكۇنت بولىدىغانلىقىنى ئۆلچەپ چىققانلىقىدۇر. ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەن ساھەسىمۇ بەتتانىنى ھازىرغىچە ئۆتكەن ئەڭ بۈيۈك يىگىرمە ئاسترونومنىڭ بىرى دەپ ئېتىراپ قىلغان. ئاي شارىدىكى بىر ئورەككە بەتتانىنىڭ ئىسمى بېرىلگەندۇر. (بەتتانىنىڭ غەربتىكى ئىسمى Albategnius ـ)

بەتتانى مۇنداق دەيدۇ: ‹ ئىلمى نۇجۇم (يۇلتۇزلار ئىلمى) ئىنسانلارنىڭ شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىش ئېھتىياجىدىن تۇغۇلغان، ئىنسانلار بۇ ئىلىم بىلەن ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىسپاتلاشقا، ئۇنىڭ تەڭداشسىز ئۇلۇغلۇقىنى، چوڭقۇر ھېكمەتلىرىنى، قۇدرىتىنى

ۋە ئاللاھنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مۇكەممەللىكىنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ».

ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇراخمان سۇفى، ئەبۇل ۋەفا بۇزجانى، ئەندەلۇستا ياشىغان ئەبۇلقاسىم مەجرىدى، زەرقالى، باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن نەسرۇددىن تۇسى، ئۇلۇغبېك ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئەلى قۇشچى قاتارلىقلار ئىسلام ئاسترونومىيەسىدىكى ئەڭ پارلاق سىمالاردۇر. بولۇپمۇ تۇسى، بەنى مۇسا ئاكا ـ ئۇكىلار، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى، فەرغانى قاتارلىقلار تارىختىكى ئەڭ بۈيۈك ئاسترونوملاردۇر.

ئىسلام ئاسترونومىيەسىدە يەنە ناھايىتى مۇھىم تەكشۈرۈش، كۆزىتىش ئەسۋابلىرىمۇ ياساپ چىقىلغان. شۇنداقلا قۇرۇلغان رەسەتخانىلارمۇ ئاسترونومىيە ئىلمىگە زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

خەلىپە مەئمۇن دەۋرىدە قۇرۇلغان شەمماسىيە رەسەتخانىسى ئىسلام دۇنياسىدا قۇرۇلغان تۇنجى رەسەتخانا ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر رەسەتخانا قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي مەئمۇن يەنە شام دىيارىدىكى قەسيۇن تېغى ئۈستىگە ئىككىنچى رەسەتخانىسىنى سالغان. باغدات رەسەتخانىسى شۇ چاغدىكى باغدات ھۆكۈمدارى بۇۋەيھىلەردىن شەرەفۇددەۋلە تەرىپىدىن 982 ـ يىلى بەرپا قىلىنغان بولۇپ، بۇ رەسەتخانىدا ئابدۇراخمان سۇفى، ئەبۇ سەھل كۇفى، بۇزجانى قاتارلىق بۈيۈك ماتېماتىك ۋە ئاسترونوملار خىزمەت قىلغان. ھەمەدان رەسەتخانىسى 1025 ـ يىلى ئىبنى سىنانىڭ تەلىپى بىلەن ئىسپاھان ئەمىرى ئەلائۇددەۋلە تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، رەسەتخانىدا ئىبنى سىنا ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى جۇزجانى خىزمەت قىلغان. بۇ يەردە تۇنجى قېتىم مىكرومېتىرغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۈسكۈنە ئىشلىتىلگەن. مەلىكشاھ رەسەتخانىسى بۈيۈك سەلجۇق ئىمپېرىيىسى سۇلتانى مەلىكشاھ تەرىپىدىن 1075 ـ يىلى ئىسپاھان يېقىنلىرىغا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ يەردە ئۆمەر ھەييام قاتارلىق كىشىلەر ئىشلىگەن، ئۆمەر ھەييام سۇلتاننىڭ تەلىپى بويىچە بىر كالېندار تۈزگەن بولۇپ، توغرىلىق دەرىجىسى ھازىر قوللىنىلىۋاتقان گرىگورىيان كالېندارىدىن يۇقىرى ۋە ئىنچىكىدۇر. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە ئۆمەر ھەييامنىڭ كالېندارىنىڭ گرىگورىياننىڭ خەرىتىسىدىن ئالتە يۈز يۈرۈن ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىق لازىم. مەراغا رەسەتخانىسى 1259 ـ يىلى ھولاكۇ تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنى بۈيۈك ئالىم نەسرۇددىن تۇسى باشقۇرغان، ئۇ پەقەت بىر كۆزىتىش ئۆيىلا بولۇپ قالماستىن، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق دەرسلەر ئوقۇتۇلىدىغان مەكتەپمۇ بولغان، 400 مىڭ پارچە كىتابقا ئىگە كۈتۈپخانىسى بار ئىدى ۋە بۇ رەسەتخانا 60 يىل ساغلام خىزمەت قىلغان.

تىمۇر ئىمپېراتورلۇقى ھۆكۈمدارلىرىدىن ئۇلۇغبېكنىڭ رەسەتخانىسى (سەمەرقەند رەسەتخانىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) 1420 ـ يىلى سەمەرقەندتە قۇرۇلغان بولۇپ، ئەڭ زامانىۋى ھېسابلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ بىۋاستە كۆزىتىشلىرىنىڭ مەلۇماتلىرىنى خۇلاسىلەپ ئىشلىگەن ئۇلۇغبېك جەدۋىلى (زىججۇل ئۇلۇغبېك) غەربتە تەرجىمە قىلىنىپ پايدىلىنىلغان. يەنە 1575 ـ يىلى قۇرۇلغان ئىستانبۇل رەسەتخانىسى قاتارلىقلار بار. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى دۆلەت قۇرغان رەسەتخانىلار بولۇپ، 840 ـ 869 ـ يىللىرى ئارىسىدا خىزمەت قىلغان

بەنى مۇسا ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ رەسەتخانىسىنى ئۇلار ئۆز سەرمايىسى بىلەن ئۆيىدە قۇرغان. 918 ـ 887 ـ يىللىرى ئارىسىدا خىزمەت قىلغان بەتتانىنىڭ شەخسىي رەسەتخانىسىغا ئوخشاش خۇسۇسىيلار قۇرغان رەسەتخانىلارمۇ بولغان.

ئۇلۇغبېكنىڭ ئەسەرلىرى ئاساسەن روسىيەگە توشۇپ كېتىلگەن بولۇپ، مەشھۇر روسىيەلىك شەرقشۇناس بارتولد ‹ئىسلام مەدەنىيەتى تارىخى› ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ:‹ ئىلىم تەلەپ قىلماق ھەر بىر ئەر ۋە ئايال مۇسۇلمانغا پەرزدۇر› دېگەن ھەدىس ئېسىلغان سەمەرقەند، بۇخارا مەدرىسلىرى بۇ ھەدىسنىڭ ئىسپاتلىرىدۇر. ئۇلۇغبېك قۇرغان رەسەتخانا بۈيۈك نەتىجىلەرنى ياراتقان. بۇ رەسەتخانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر تاكى تېلىسكوپ ئىجاد قىلىنغىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە، ئۆز ساھەسىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق بىلىم سەمەرەلىرى ئىدى›. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئۇلۇغبېكنىڭ بەش ئەسىر بۇرۇنقى ھېسابلاشلىرىنىڭ بۈگۈنكى بىلەن شۇنچە يېقىن چىقىشى بىلىم ساھەسىنى ھەيران قالدۇرغان.

ۋىل دىيۇرانت يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ‹ بىرۇنى دۇنيانىڭ يۇمىلاقلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماستىن، ھەممە نەرسىنى يەر مەركىزىگە تارتىدىغان بىر كۈچ بارلىقىنىمۇ بايقىغان. يەرنىڭ ھەركۈنى ئۆز ئوقىدا، يىلدا بىر قېتىم قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى تەتۈر نۇقتىدىن چىقىپ ئىسپاتلاش مۇمكىنچىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان›.

نۆۋەتتە كەلگەندە بىرۇنىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش زۆرۈر. بىرۇنىنىمۇ ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ زېرەك، تىرىشچان، ھوسۇلدار ئالىملارنىڭ بىرى دەپ قاراش مۇمكىن. بىرۇنى 973 ـ يىلى خارەزمدە تۇغۇلغان. ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، ئادەتتە 1051 ـ يىلى دەپ قارىلىدۇ. ئۇ ھاياتى بويىچە 180 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر قالدۇرغان بولۇپ، جەمى 13 مىڭ سەھىپىگە يېتىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ ئەسەرلەردىن ئاران يىگىرمە پارچىسى بىزگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ ھەم ئاسترونوم، ھەم ماتېماتىك، ھەم جۇغراپىيەشۇناس، ھەم تارىخچىدۇر. ئوتتۇز يېشىدا يەرشارىنىڭ ئايلانمىسىنى كىچىككىنە خاتالىق پەرقى بىلەن ھېسابلاپ چىققان. ئەنگلىيەدە چىقىدىغان «بۈگۈنكى تارىخ» **(history today)** ژۇرنىلىدا چىققان بىر ماقالىدە بىرۇنىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئامېرىكا قىتئەسىنى تۇنجى بايقىغان ئادەم دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

## جۇغراپىيە ۋە خەرىتىچىلىك

ھىجرىيە 1 ـ ئەسىردىن باشلاپلا، ئىسلام جۇغراپىيىسى كېڭىيىشكە باشلىغان. بۇ خىل ئەھۋال جۇغراپىيە، خەرىتىچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ شارائىتىنى ھازىرلىغان. مۇسۇلمانلار غەربتە ئەندەلۇستىن شەرقتە تاكى ھىندىستانغىچە بولغان كەڭرى زېمىندا

ئەركىن سەير ـ ساياھەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان.

مىلادى 830 ـ يىللىرى ئەتراپىدىلا ئابباسىيلار خەلىپىسى مەئمۇن يەرشارىنىڭ خەرىتىسىنى سىزدۇرغان. بۇ خەرىتە كېيىن ياۋروپادا سىزىلغان خەرىتىلەرنىڭ ئۆرنەك نۇسخىسى بولۇپ قالغان. 11 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ئىسلام دۇنياسىدا ماتېماتىكىلىق جۇغراپىيە ئىلمىنىڭ ئاساسى بەرپا قىلىنىشقا باشلىغان. شۈبھىسىزكى، بۇ يەنە بىرۇنىدىن باشلانغان. بىرۇنى غەزنەۋىلەرنىڭ پايتەختى غەزنە شەھىرى بىلەن باغداتنىڭ ئارىسىدىكى يەرلەرنىڭ مېرىدىئان ۋە پاراللېل دەرىجىلىرىنى ئاسترونومىيەلىك كۆزىتىش، مۇساپە ئۆلچەش ۋە ترىگونومېترىيەنىڭ پرىنسىپلىرىنى قوللىنىپ بەلگىلەپ چىققان. ئىككى ئارىدىكى ئاتمىشتىن ئارتۇق يەرنىڭ ئۆلچەنگەن سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ ھازىرقى ئۆلچەنگەن قىممەتلەر بىلەن بولغان پەرقى ئاران 45 ـ 6 مىنۇت ئارىلىقىدا بولۇپ چىققان.

دېڭىزچىلىقتا ئەڭ دەسلەپ كومپاسنى ئىشلەتكەنلەر مۇسۇلمانلاردۇر. كومپاس غەربكە مۇسۇلمانلارنىڭ قولى ئارقىلىق يەتكەن. دوكتور سىگرىد يۇقىرىدىكى كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ‹ بىزدە ئامالفى فلاۋىئو گيويا (Amalfi Flavio gioia) كومپاسنىڭ ئىجادچىسى دەپ تونۇلىدۇ، ئەمما ئۇ كومپاسنى مۇسۇلمانلاردىن ئۆگەنگەن، ئەسلىدە ئەھلى سەلىب ئۇرۇشى جەريانىدا ئەھلى سەلىبدىن پېتروس كومپاسقا ئالاقىدار مەلۇماتلارنى مۇسۇلمانلاردىن ئىگەللەپ فرانسىيىگە ئېلىپ بارغان›.

بىزنىڭ ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد قەشقىرىنىڭ دىۋانىدىكى دۇنيا خەرىتىسىمۇ دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمقى خەرىتىلەردىن بىرى بولۇپ، دۇنيانىڭ يۇملاقلىقىنى ئىپادىلىگەن، تۇنجى قېتىم ياپونىيەنى خەرىتىگە چۈشۈرگەنلىكى بىلەن ئالاھىدە مەشھۇر.

ئاخىردا بۈيۈك جۇغراپىيەچى ۋە خەرىتىچى پىرى رەئىس ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىمىز .

پىرى رەئىسنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھىيددىن پىرىبەي بولۇپ، 1465 ـ يىلى گېلىبولۇدا تۇغۇلغان. 1554 ـ يىلى قاھىرەدە ئىنتائەتسىزلىك جىنايىتى بىلەن تۆھمەت قىلىنىپ كاللىسى ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. بالىلىق ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ تاغىسىغا ئەگىشىپ ئوتتۇرا دېڭىزدىكى دېڭىز قاراقچىلىق سەپەرلىرىگە قوشۇلۇپ چوڭ بولغان. 1511 ـ يىلى تاغىسى ئۆلگەندىن كېيىن، گېلىبولۇدا دېڭىزچىلىقتىن ۋاز كېچىپ بۇرۇن توپلىغان مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن خەرىتە سىزىشقا كىرىشكەن. 1513 ـ يىلى ئۆزىنىڭ تۇنجى دۇنيا خەرىتىسىنى سىزغان. 1521 ـ يىلى ‹ كىتابۇل بەھرىيە› ناملىق بۈيۈك ئەسىرىنى تاماملىغان. 1525 ـ يىلى بۇ كىتابنى يەنىمۇ تۈزىتىپ، باش ۋەزىر ئىبراھىم پاشانىڭ ۋاستىسى بىلەن قانۇنى سۇلتان سۇلايمانغا تەقدىم قىلغان. 1528 ـ يىلى 2 ـ دۇنيا خەرىتىسىنى سىزىپ، بۇنىمۇ سۇلتان سۇلايمانغا تەقدىم قىلغان. 1513 ـ يىلى سىزىلغان خەرىتىسى 1928 ـ يىلى توپكاپى مۇزېيىدىن تېپىلغان. بۇ پۈتۈن خەرىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ئامېرىكا،

ئافرىقا ۋە جەنۇبىي قۇتۇپنى كۆرسەتكەن ئىدى. ھالبۇكى جەنۇبىي قۇتۇپ تېخى 1818 ـ يىلى بايقالغان ئىدى.

كىتابۇل بەھرىيە ناملىق كىتابىدا بولسا چوڭ ـ كىچىك 200 پارچىگە يېقىن خەرىتە سىزىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ. 2013 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يۇنېسكو پىرى رەئىس خەرىتىسىنىڭ 500 يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن مەخسۇس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزگەن.

## جەمئىيەتشۇناسلىق

ئىلىم ـ پەن تارىخى دېگىنىمىزدە كاللىمىزغا باشتا يۇقىرىدا بايانى ئۆتكەن تەبىئىي پەنلەر كېلىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا جەمئىيەتشۇناسلىقنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتۈشنى توغرا كۆردۈم. ئادەتتە جەمئىيەتشۇناسلىق تارىخىدا فرانسىيە مۇتەپەككۇرى ئاۋگۇست كومت تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق جەمىيەتشۇناسلىق ئەسىرى يازغان دەپ قارىلىدۇ. ئەمما يېقىنقى يىللاردىكى تەتقىقاتلاردا بۇ پەننىڭ دەسلەپكى ئاساسچىسىنىڭ 1332 ـ يىلى تۇنىستا تۇغۇلغان بۈيۈك ئىسلام ئالىمى ۋە تارىخچىسى ئىبنى خەلدۇن ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتىدۇ. ھازىر غەربتە نەشر قىلىنغان جەمىيەتشۇناسلىق كىتابلىرىدا مەزكۇر پەننىڭ تارىخىنى سۆزلىگەندە ئىبن خەلدۇننى تىلغا ئالىدۇ ۋە يۇكسەك باھا بېرىدۇ. ھازىر ئىبن خەلدۇننىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە مىڭلىغان ئاكادېمىك تەتقىقات ماقالە، ئەسەرلەر بار ھەمدە داۋاملىق يېزىلماقتا.

ئىبن خەلدۇننىڭ شۆھرىتى ئۇنىڭ ‹ كىتابۇل ئىبەر ۋە دىيۋانۇل مۇبتەدە ۋەل خەبەر› ناملىق تارىخ كىتابىغا يازغان مۇقەددىمىسىدىن كەلگەن. ئىلىم ساھەسىدە مۇقەددىمە ئىسمى بىلەن مەشھۇردۇر. ئىبن خەلدۇننى تارىخ پەيلاسوپى، جەمىيەتشۇناس دېگەن نامغا ئىگە قىلغىنى دەل مەزكۇر مۇقەددىمىدۇر. ئىبن خەلدۇن ‹ مۇقەددىمە› سىدە مەدەنىيەت، دۆلەت، مىللەتلەرنىڭ تۇغۇلۇشى، يۈكسىلىشى قاتارلىق ھادىسىلەرنى سىستېمىلىق چۈشەندۈردى. بولۇپمۇ ئىسلام مىللەتلىرى ھەققىدە ئالاھىدە چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

يازغانلىرىم ئەمەلىيەتتە دېڭىزدىن تامچىدۇر. ئۇچۇشنى ئەمەلىي سىناق قىلغان ئىبن فىرناس، بوتانىك ئىبن بەيتار، دىنەۋەرى، تۇنجى قېتىم بۆرەك ئوپېراتسىيەسى قىلغان زەھراۋى، يۇقۇملۇق ئاق كېسەل يەنى جۇزامنى داۋالىغان 10 ـ ئەسىردە ياشىغان ئىبن جەسسار قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن بولمىدى. مەسىلەن: ئابدۇللا كوجايۈرەكنىڭ ‹ ئىسلام بىلىم تارىخى› دېگەن كىتابىدا جەمئىي 95 نەپەر ئالىمنى بايان قىلغان

بولۇپ، مەن پەقەت ئۇن نەچچە ئالىمنىلا تىلغا ئالدىم. دوكتۇر فۇئات سەزگىننىڭ «ئەرەپچە ئىلمىي مىراسلار تارىخى» ناملىق 27 گىگانت ئەسىرىنىڭ 20 تومغا يېقىنى تەبىئىي پەن ھەققىدە توختالغان.

ئەپسۇسكى، ئىنسانلارنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت تارىخىدا 800 يىللىق بىر ئالتۇن دەۋرنى ياراتقان ئىسلام دۇنياسى 16 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ، بىلىمدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى يوقىتىپ قويۇشقا باشلىغان، غەرب دۇنياسى ئاستا ـ ئاستا ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىشقا باشلىغان. ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەبىئىي پەندىكى چۈكۈشىنىڭ سەۋەبلىرى ئۆز ئالدىغا چوڭ بىر مۇستەقىل تېما بولغاچقا، بۇ كىچىك ماقالىدە بۇ تېمىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش مۇمكىن بولمىدى. قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، رەت قىلغىلى بولمايدىغان پاكىت شۇكى، مۇسۇلمانلار ئىلىم ـ پەندىكى ئۈستۈنلۈكىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىقتىساد، سىياسىي ـ ھەربىي كۈچ جەھەتلەردىمۇ پەيدىنپەي چۈكۈشكە يۈز تۇتتى. مانا بۈگۈن مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان خارلىقنى مۇشۇ چۈكۈشنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق نەتىجىسى دېيىش خاتا ئەمەس. چۈنكى، مۇسۇلمانلار ئىلىم ـ پەندىنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئىلىم ـ پەن ئېلىپ كېلىدىغان كۈچتىن مەھرۇم قالدى، بۇنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى سۈپىتىدە كۈچسىزلىك ئېلىپ كەلگەن ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولۇشتىن قۇتۇلالمىدى.

## خاتىمە

گەرچە مۇسۇلمانلار تارىختا ئەنە شۇنداق شانلىق سەھىپىلەرنى يازغان، مىسلىسىز ئالتۇن دەۋر ياراتقان بولسىمۇ، بۈگۈنكى رېئاللىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنە شۇ ئەنئەنىگە لايىقىدا ۋارىسلىق قىلالمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. مەسىلىنىڭ تېخىمۇ ئېچىنىشلىق تەرىپى ئۇشبۇ رېئاللىقنىڭ ئۆزى بولماستىن، بەلكى ھېلىھەم مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ پاجىئەلىك رېئاللىقنى ماھىيىتىدىن تونۇپ يەتمەسلىكى، ئېتىراپ قىلماسلىقى، ئۇنىڭغا يۈزلەنمەسلىكى، قۇلاق يوپۇرۇشى، كۆرمەسكە سېلىشىدۇر. ئاجىزلىقلىرىنىڭ تىلغا ئېلىنىشىدىن قورقۇش تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئاجىزلىقتۇركى، بۇ ئاجىزلىقنى ئەبەدىيلەشتۈرىدۇ. بۈگۈنكى دەۋر ئىلىم ـ پەن جۇغراپىيىسىدىكى ئەڭ قاقاس رايون مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان جۇغراپىيەدۇر. نوپۇسى سەككىز مىليون ئەتراپىدا كېلىدىغان ئىسرائىلىيەنىڭ ئىككى يۈز مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇلارنى قورقۇتۇپ تۇرالىشىنىڭ ئارقىسىدا يۈكسەك ئىلىم ـ پەن كۈچى بار. ئۇلارنىڭ ئۇ قەدەر خورىكىنىنىڭ ئۈستۈن بولۇشىنى ۋە ئۆكتەملىكىنى ئۇلار ئىگە بولغان ئاتوم بومبىسى قاتارلىق يۇقىرى تېخنىكىلىق قوراللىرى بىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىز ۋە چارىسىز ھالىنى ئۇلارنىڭ قوراللىرىنىڭ ئاددىي ۋە قالاقلىقى بىلەن باغلىماسلىق مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر ھازىر مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ

ئىلىم ـ پەن نەتىجىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك سانلىق مەلۇماتلارنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق ئادەم ئۇيالغىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتكىدەك بىر مەنزىرىگە دۇچار بولىمىز. بۇ يەردە ئۇ سېلىشتۇرمىلارغا ھاجەت بولمىسا كېرەك.

ئەمدى سۆزىمىزنىڭ دائىرىسىنى سەل تارايتىپ، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم ـ پەن پوزىتسىيىسى ھەققىدە توختىلىدىغان بولساق، ھالىمىزنى يۇقىرىقى كارتىنىدىن جىق پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ دېيىش مۇمكىن. بولۇپمۇ ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دىندارلار قاتلىمىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك. تەبىئىي پەن ئۆگىنىش، ئۆگىتىش، باللىرىمىزنى تەبىئىي پەنلەردە ئوقۇتۇشنىڭمۇ بىر دىنىي مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەنلەر ئىنتايىن ئاز ساندا، ھەتتا ئەھلى ئۆلىمالار ئىچىدىنمۇ بۇنىڭغا تەشۋىق، تەۋسىيەدە بولىدىغانلار كۆپ ئەمەس. باللارنى ياخشى ئوقۇتۇشنى پەقەت دىنىي ئىلىملەردىلا ئوقۇتۇش دەپ چۈشەنگەن ساناقسىز قېرىنداشلىرىمىز بار. بۇ ھەقتە توختالساق سۆزىمىز بەك ئۇزىراپ كېتىشى مۇمكىن. ئەمما كۆزى ئوچۇق كىشىلەر ئۈچۈن پاكىت شۇنچىلىك ئايدىڭ ۋە ئوچۇقتۇر.

ۋەھالەنكى، ئىسلام بىزگە ئىلىم ئىگەللەشنى پەرز قىلغاندا ھېچبىر زامان ئۇنى نوقۇل دىنىي ئىلىملەر بىلەنلا چەكلىگىنى يوق. ھەتتا مۇئەييەن دەۋر ۋە مۇئەييەن جەمئىيەتتە تەخىرسىز ئېھتىياجلار يۈزىسىدىن تەبىئىي پەنلەرنى ئۆگىنىش پەرزگە، ھەتتا پەرز ئەينىگە ئايلىنىدۇ. بۈگۈنكى دەۋرىمىز مېنىڭچە تەبىئىي پەننى ئىگەللەش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزگە ئايلانغان بىر دەۋردۇر. نۆۋەتتە ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر زۇلۇم ۋە خارلىق ئاستىدا قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز دىنىغا ھەقىقىي ئىشەنگەن، يېتەرلىك چۈشەنگەن، لايىقىدا ئەمەل قىلغان، شۇنداقلا زۆرۈر تەبىئىي پەنلەر بىلەن قوراللانغان ئەۋلادلىرىنى يېتىشتۈرۈشى، ئىسلام بۇيرۇغان، رىئاللىق تەقەززا قىلغان، قانۇنىيەت تەلەپ قىلغان بىر مەجبۇرىيەتتۇر.[1]

—— ئاپتور: ئىسلام تارىخى دوكتورانتى

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى

[1] پايدىلانمىلار
ئىسلامدا بىلىم ۋە تېخنىكا. فۇئان سەزگىن تۈركىيە بىلىملەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى نەشرى.
ئىسلام ئىلىم ـ پەن تارىخى ھەققىدە لېكسىيەلەر. فۇئات سەزگىن. تىماش نەشرىياتى ئۈچىنچى نەشرى
ئىسلامدا ئىلىم ـ پەن تارىخى. ئابدۇللا كوجايۈرەك كۆك تورۇس نەشرىياتى نەشرى.
ئىسلامدا ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت. سەييىد ھۈسەين نەسر ئىنسان نەشرىياتى نەشرى.
ئىسلام ۋە ئىلىم ـ پەن. سەييىد ھۈسەين نەسرى. ئىنسان نەشرىياتى نەشرى.
تۈركىيە دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى



# ئۆزىمىزگە خاس مەدرىسە بەرپا قىلايلى

ئاتاۋۇللا سەئىد

مىلادىيە 713-يىلى سەمەرقەنتتە، 714-يىلى بۇخارادا چوڭ مەسچىت بىنا قىلىنىشى بىلەن تۈركىستان يۇرتلىرىدا ئىسلام يىلتىز تارتىشقا باشلىغان. ئەنە شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئارىسىدىكى مىللىي بىرلىك، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق، كۆچلۈك ئىقتىسادىي ئالاقە، تىجارەت قاتارلىق ھەر تۈرلۈك قويۇق مۇناسىۋەتلەر تۈرتكىسىدە ۋەتىنىمىزدىمۇ ئىسلام نۇر چېچىشقا باشلىغان. گەرچە كەڭ كۆلەمدە ئىسلامغا كىرىش سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاندىن باشلانغان بولسىمۇ، خەلقىمىز ئارىسىدا خېلى بۇرۇنلا ئىسلام تارقىلىپ، سۇتۇق بۇغراخاننى قوللاپ، تەختنى قولغا ئالغۇدەك شارائىت ھازىرلانغان. تارىخىي رىۋايەتلەردە ھىجرىيە 3-ئەسىردىلا قەشقەر، بالاساغۇن خەلقلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپىنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ بولغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ[1].

ئەسلىدىلا ئەقىللىق، زېرەك، ئىلىم-مەرىپەتكە ھېرىسمەن، مەدەنىيەتلىك تۈركىستان خەلقلىرى ئىلىم-مەرىپەتكە، ئوقۇ-ئوقۇتۇشقا تەرغىب قىلىدىغان يېڭى دىنىنىڭ تۈرتكىسىدە قايناق ئىلمىي ھاياتىنى باشلىۋەتكەن. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەر تۈرلۈك ئىلىملەردە كاتتا ئالىملار يېتىشىپ چىققان. دىنىي ئىلىملەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ھىجرىيە 2-ئەسىردىلا ئىمام بۇخارىنىڭ ئۇستازى ھەدىسشۇناس ۋە قىرائەت ئالىمى ئەبۇ زەكەرىيا بۇخارىي (ھىجرىيە 217-يىلى ۋاپات بولغان)، ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا كۆپ يۇرتلارنى كەزگەن. بۇخارادا ئىلمىي گۈللىنىش كەيپىياتى پەيدا قىلغان ئەھمەد ئىبنى ھەمدان بۇخارىي[2]، ھەدىسشۇناس، فىقھشۇناس ئەبۇ ھەفس كەبىر[3]... قاتارلىق بىر تۈركۈم كاتتا ئۆلىمالار يېتىشىپ چىقىپ، تۈركىستان رايونى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا

[1] مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» 131-بەت.
[2] ئىمام بۇخارىنىڭ ئۇستازلىرىنىڭ بىرى (ھىجرىيە 217-يىلى ۋاپات بولغان)
[3] ئىمام مۇھەممەتنىڭ شاگىرتى (ھىجرىيە 217-يىلى ۋاپات بولغان)

ئەرەب رايونلىرىدىن قېلىشمايدىغان دىنىي ئىلىم مەركەزلىرىگە ئايلانغان. ھىجرىيە 2 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى بۇخارادا «ئەبۇ ھەفس مەدرىسىسى» بىنا قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى تۇنجى مەدرىسە ئىدى. ھىجرىيە 348 ـ يىلى ئەمىر قىدىرخان بىنا قىلغان «كولار تىكىن مەدرىسىسى»، «ئىمام ئەبى بەكر ئىبنى پەزل مەدرىسىسى»، «جوبار مەدرىسىسى»، «ئارسلانخان مەدرىسىسى» قاتارلىق مەدرىسىلەر تەسىس قىلىنىپ[1]، ئىلىم ـ مەرىپەت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا باشلىغان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ۋەتىنىمىزنىڭ دىنىي مائارىپمۇ تەرەققىي قىلىپ، كاتتا ئۆلىمالار يېتىشىپ چىققان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدە قۇرۇلغان ساجىيە مەدرىسىسىنىڭ شۇ دەۋرنىڭ ئىلىم ئوچىقىغا ئايلانغانلىقى مەلۇم[2]. ئىمام سۇيۇتىي مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئۇستازى كاشغەرلىك ھۈسەين ئىبنى خەلەپ (ھىجرىيە 484 ـ يىللاردا ۋاپات بولغان)نىڭ «المقنع في تفسير القرآن» قاتارلىق 120پارچىدىن ئارتۇق كىتاب يازغانلىقىنى، ئاللاھتىن قورقۇپ كۆپ ياش تۆككىدىغان، ۋەز ـ نەسىھەتكە ماھىر، ھەقتە چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى، ئاللاھتىن باشقىسىدىن قورقمايدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان[3]. تۈركىستان رايونى ھىجرىيە 8 ـ ئەسىرلەرگىچە دىنىي ئىلىملەردە ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشلامچى رايونلىرى قاتارلىق ئورنىنى ساقلاپ كەلگەن. ئەبۇ لەيس سەمەرقەندىي، شەمسۇل ئەئىممە ھۇلۋانىي، قازىخان، مەرغىنانىي، ئەل ئۇتابىي قاتارلىق ئالىملارنىڭ پەتىۋالىرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان ۋە ئالىملار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان. تۈركىستان خەلقى دىنىي ئىلىم جەھەتتە ئۆز ھاجىتىدىن چىقىپلا قالماي، باشقا مۇسۇلمانلارغىمۇ يېتەكچى بولغان. ھىجرىيە 10 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن ئىلىم جەھەتتە بىر ئاز چېكىنگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئەنئەنىۋى مەدرىسىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى ئۆزى قامداپ كەلگەن. ۋەتىنىمىزدىكى مەدرىسىلەر ئوقۇتۇش پروگراممىسى جەھەتتە بۇخارا مەدرىسىگە ئەگەشسىمۇ، پەتىۋا ئىشلىرىدا ھەنەفىي مەزھىپىنى تۇتقا قىلغان ئاساستا مۇستەقىل ئىش ئېلىپ بارغان، يەنى زامان ـ ماكان ۋە يۇرت ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، ئۆز ئالدىغا پەتىۋا بېرىپ كەلگەن. بۇ ئۇسۇل تاكى ۋەتىنىمىز خىتايلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغىچە داۋاملاشقان. ئابدۇقادىر داموللام دەۋرىدە «ئۇسۇلى جەدىد» قاتارلىق بەزى مەسىلىلەردە پەتىۋانى بۇخارادىن كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، كۆپىنچە مەسىلىلەردە پەتىۋا يەنىلا ئۆز ئالىملىرىمىزدىن چىققان. بۇ مەدرىسە ۋە ئۇنىڭ تەسىرى تا ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىمغىچە داۋاملاشقان. ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم چەتئەللەرنى كۆرگەن، خەلقئارالىق ۋەزىيەتلەرنى چۈشەنگەن ۋە خەلقئارادىكى دىنىي ئىسلاھاتلاردىن، يېڭى كىتابلاردىن خەۋەردار دانا، زېرەك، يىراقنى كۆرەر ئىستىداتلىق ئىلىم ئىگىسى بولۇپ، خەلقئارادىكى يېڭى ئىسلاھاتلار،

[1] نەدۋە مەھمۇد ئابباس «ما ۋەرائۇننەھر شەھەرلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» 462 ـ بەت.
[2] ھاجى نۇر ھاجى: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار» 394 ـ بەت.
[3] سۇيۇتىي: «تەپسىرشۇناسلار تەرجىمىھالى» 45 ـ بەت.

يېڭى كىتابلاردىن ۋاقتى-ۋاقتىدا پايدىلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز ئەنئەنىسىنى ۋە قەدىمدىن بىرى داۋاملىشىپ خەلقىمىزنىڭ ھاياتىغا سىڭىپ كەتكەن دىنىي يولنى تاشلاپ، باشقىلارغا پۈتۈنلەي قۇيرۇق بولىدىغان، باشقا مىللەت ئۆلىمالىرىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، تالىپلارنى تەدرىجى ئۆز ئۇستازلىرىدىن يات ئۆلىمالارنى چوڭ بىلىشكە، ھەممە ئىشتا سىرتتىن كىرگەن پەتىۋاغا تايىنىشقا ئېلىپ بارىدىغان يولنى تۇتمىغان. ئۇستازىمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم دەرسخانىغا كىرسە ھەممە ئوقۇغۇچىلار ئۆزىمىزنىڭ ئۆرپ-ئادىتىمىز بويىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدىكەن. بىر كۈنى مەخسۇم ھاجىم دەرسخانىغا كىرسە، بىر قىسىم يېڭى تالىپچاقلار قىمىرلاپمۇ قويماي، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! دەپ قويۇپلا ئولتۇرغۇدەك، شۇنىڭ بىلەن ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىمنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ كايىپ كېتىپتۇ: ھۇ خوتۇن تالاقلار، بۇ ساتراچخانا ئەمەس، سەلەپ-سالىھلارنىڭ مەدرىسىسى، ئۇستازغا تەرك ھۆرمەتلىك قىلىپ رەۋناق (مەخسۇم ھاجىم روناق تېپىش دېگەن سۆزنى شۇنداق تەلەپپۇز قىلىدىكەنمىش) تاپالمايسەن.

شۇ ۋاقىتلاردا خوتەن تەرەپلەردە چەتئەلدىن كىرگەن بىر قىسىم يېڭى كىتابلار تەسىرىدە باشقىلارغا ئورنىدىن تۇرۇش بىدئەت دەيدىغان قاراش پەيدا بولغان ئىكەن. يەنە بىر تالىپ دەرسخانىغا ئەبۇ بەكر جابىر ئەل جەزائىرىنىڭ «مۇئمىنلارنىڭ ئەقىدىسى» ناملىق كىتابىنى ئېلىپ كىرىپ، مەخسۇم ھاجىمغا رەددىيە بەرگەندە، مەخسۇم ھاجىم: مېنىڭ تالىپىمنىڭ كىتابىنى ئەكىلىپ، ماڭا رەددىيە بىرەمسەن! دەپ كايىغان ۋە مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ قويغان ئىكەن. ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىمدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي مائارىپنى قايتا چەكلىشى، پىشقەدەم ئۇستازلارنىڭ بىر-بىرلەپ ۋاپات بولۇشى، سىستېمىلىق دىنىي مائارىپ تەربىيىسىنىڭ يوقلىشى نەتىجىسىدە ئۆلىمالارنىڭ دىنىي سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇرۇنقىدەك ئىلمىي سۆھبەت سورۇنلىرىغا ئىمكان بولمىدى، ئۆز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش، مۇنازىرە-مۇلاھىزە قىلىشلار ئاساسەن يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالدى. ئەسلىدىنلا ئىلمىي ئاساسىي ئاجىز، ئىجتىمائىيچانلىقى تۆۋەن، مۇنازىرە ئىممۇنىتى يوقنىڭ ئورنىدا بولغان داموللىچاقلار ئاساسلىق سەھنىنى ئىگەللىدى. شۇ سەۋەبتىن سىرتنىڭ ئىلغار پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلغان، ئۆزىمىزدە ئەسلىدە بارنى خىمىر-تۇرۇچ قىلغان، ئەنئەنىۋىي مەدرىسىلىمىزگە ۋارىسلىق قىلغان بىر يېڭىچە گۈللىنىش ئېقىمى مەيداغا كېلەلمىدى. يېڭى كىتابلارغا ۋە سىرتتىن كىرگەن پەتىۋالارغا تاللاش ۋە شاللاش نۇقتىسىدا تۇرۇپ لايىقىدا مۇئامىلە قىلالمىدۇق. پەقەت ئەرەبچىلا بولسا ھەتتا گېزىت-ژۇرنال بولغان تەقدىردىمۇ ئۇستاز تۇتۇپ دەرسلىك قىلىۋەردۇق. كىتابتا ئالغا سۈرۈلگەن مەزمۇنلار ۋەتىنىمىزدىكى پىشقەدەم ئۆلىمالىرىمىزنىڭ سىنىزورىدىن ئۆتكۈزۈلمىدى. چەتئەللەردە بازار تاپالمىغان يوچۇن، يات پىكىرلەر بىزدە ھە دەپ خالتا كوچىلاردا تۆكمە قىلىندى. نۇرغۇن ئاقكۆڭۈل، ساددا ياشلىرىمىز

ئەنە شۇنداق ئەپقاچتى پىكىرلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتتى. يىگى تالىپلار بىلەن پىشقەدەم ئۇستازلار ئارىسىدىكى تۇقۇنۇش مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. تالىپلار بىلەن ئۇستازلار ئارىسىدىكى سۆر-ھەيۋە پەردىلىرى يىرتىپ تاشلاندى، ھېچكىم - ھېچكىمدىن چوڭ ئەمەس، ھېچكىم-ھېچكىمگە ئەگەشمەيدىغان بىر باشباشتاق ھالەت شەكىللەندى. نەتىجىدە پىشقەدەم ئۇستازلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئابرويى ۋە ھەيۋىسى سۇندۇرۇلدى، خەلقنىڭ ئۇستازلارغا بولغان ئىشەنچىسى تەۋرەپ قالدى. دەل شۇ چاغدا دۇنيادىكى خىلمۇ-خىل دىنىي ئېقىم، مەزھەپ، تەشكىلاتلارنىڭ تەشۋىقاتلىرى بىزگە سۇدەك ئاقتى. بىزدەك ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالغان، زۇلۇم ئاستىدا ياشاۋاتقان خەلققە ياراشمايدىغان نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەردى. نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز پەقەت كىچىككىنە بىر ئىختىلاپىي مەسىلىلەر تۈپەيلى خىتاينىڭ مەڭگۈلۈك قاماق جازالىرىغا مەھكۇم بولدى. ئۆز خەلقىنىڭ جان تىكىپ قوغدىشىدىن، ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغان، ھەيۋىسى يوقالغان، بىر ئۆمۈر خەلقى ئۈچۈن جاپا تارتىپ ئۆتكەن بۇ سۆيۈملۈك ئۇستازلار ناھايىتى ئاسانلا خىتايلارنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەقلى-ھوشى جايىدىراق بولغان بىر قىسىملىرى ھەر قانچە خورلانسىمۇ، بېشىغا ھەر قانچە ئېغىر كۈن كەلسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئەسلى سالاھىيىتىنى يوقاتماي، سەۋر بىلەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتتى. يەنە ئاز بىر قىسىملىرى ئۆز خەلقى ۋە تالىپلىرى تەرىپىدىن كەلگەن زەربىدىن قىيداپ، خىتايلارنىڭ يالغان تەشۋىقاتلىرىغا ئىشىنىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ھۆكۈمەتپەرەس دېگەن سەلبىي نام بىلەن ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئەگەر بىز تارىختىن ئىبرەت ئالىدىغان، ئۆتمۈشىمىزدىن يەكۈن ۋە خۇلاسە چىقىرىپ، كەلگۈسىمىزنى نۇرلاندۇرۇشنى ئىستەيدىغانلاردىن بولىدىغان بولساق، ئەلۋەتتە يۇقىرىقى ھادىسىلەر بىزگە يېتەرلىك ۋەز-نەسىھەت ۋە بۇنىدىن كېيىنكى يولىمىزغا چىراق بولالايدۇ.

گەرچە يېقىنقى زاماندا پەيدا بولغان تەپرىقىچىلىق، ھەرخىل دىنىي ئېقىملارغا بۆلۈنۈش بىز ئۇيغۇر مىللىتىدىلا ئەمەس، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەممە يېرىدە يۈز بەرگەن ئومۇمىي ئەھۋال بولسىمۇ، لېكىن ۋەھشىي زالىمنىڭ تاپىنى ئاستىدا ئەركىن نەپەس ئېلىشقىمۇ مۇيەسسەر بولالمىغان بىز ئۇيغۇر خەلقى بۇ تەپرىق ۋە ئىختىلاپلارنىڭ زىيىنىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ تارتتۇق. مانا ھازىر خەلقىمىز، يۇرتىمىز، ئۇرۇق-تۇغقان... ھەممە-ھەممىدىن ئايرىلدۇق. ئاللاھ ۋەتىنىمىزنى ئازات قىلغىلى، ۋەتىنىمىزگە قايتقىلى نېسىپ قىلسۇن!

ۋەتەندىكى شارائىت چەكلىمىسى سەۋەبلىك بەزى ئىشلارغا ئىمكان بولمىدى دەيلى، چەتئەلدىمۇ ئەھۋال ۋەتەندىكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. مىسىردا ئوقۇغان ئۆلىمالار ئىمامنى مىسىردىن تۇتۇپ، خەلقنى مىسىر ئۆلىمالىرىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرتسە، سەئۇدىيدا ئوقۇغانلار سەئۇدىي ئۆلىمالىرىنىڭ ئىسمىنى

خەلقىمىزگە كۈنىدە ئوتتۇز ئۈچ قېتىم تەكرارلىتىپ، خەلقىمىزنىڭ كاللىسىغا سەئۇدىي ئۆلىمالىرىنىڭ كاللىسىدىكى چەمبەرنى تاقاش بىلەن ئاۋارە. «پىر ياتتىن، مۇرت بىزدىن» بولۇش، «ئىمپورت پەتىۋا»لارغا تايىنىش چەتئەلدىكى ئۇيغۇر ئەھلى ئىلىملىرىدىمۇ ئوخشاش داۋام قىلماقتا.

«يات مىللەت ئۆلىمالىرى» «ئۆز ئۆلىمالىرىمىز» دەپ ئايرىش بەزىلەرگە شەرىئەتكە خىلاپتەك، شەرىئەتكە خىلاپ مىللەتچىلىكتەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن. توغرا، ھەق كىمدە بولسا قوبۇل قىلىمىز ئەلۋەتتە. لېكىن بىر قىسىم «يېڭى پەتىۋا»، «يېڭى قاراش»لار ئەمەلىيەتتە يېڭى ئەمەس، بەلكى تارىختىن بىرى چاينىلىپ، مەززىسى قالمىغان ئايىغى چىقمايدىغان ئىختىلاپلاردىن ئىبارەت. ھەق ـ ناھەق ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن، دىن سۈيئىستېمال قىلىنغان بۇ دەۋردە پىرنى ياتتىن تۇتۇش، ياتقا قۇيرۇق بولۇش ئاقىلانىلىك ئەمەس. ھەم ھەركىم ئۆزى ياشىغان يۇرتنى، ئۆز خەلقىنى ياخشى بىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ھەر قەۋمگە ئۆز ئىچىدىن باشلىق سايلاپ بەرگەن. شەرىئەتتە ھۆكۈملەردە ئۆرپ ـ ئادەتمۇ قاتارغا ئېلىنىدۇ. بەزى قېرىنداشلىرىمىز ئەزھەر، سەئۇدىي مۇپتىلىرىدىن بەزى مەسىلىلەرنى سورىسا، بۇ مەسىلىلەرنى يۇرتۇڭنىڭ ئۆلىمالىرىدىن سورا! بۇ شۇلار ياخشى بىلىدىغان مەسىلىلەركەن دەپ قايتۇرغان ئىشلارمۇ بولغان. ئەڭ خەتەرلىك ئىش مۇرت بىزدىن، پىر خەقتىن بولۇش. تارىخىمىزغا قارايدىغان بولساق، بىز بۇنىڭ زىيىنىنى كۆپ تارتقان خەلق.

ھازىرقى ئىسلام دۆلەتلىرىگە قارايدىغان بولساق، ھەر دۆلەتنىڭ ئۆز ئالدىغا دىنىي مائارىپ ئەندىزىسى، پروگراممىسى بارلىقىنى، ھەر دۆلەت مۇفتىلىرىنىڭ بەرگەن پەتىۋالىرىنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ھەر دۆلەتنىڭ مائارىپى شۇ دۆلەتنىڭ ئەمىنلىكى، بىخەتەرلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. دىنىي مائارىپمۇ، پەتىۋامۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ھەقتە چىڭ تۇرىدىغان، جان كەتسىمۇ شەرىئەتكە خىلاپ پەتىۋا بەرمەيدىغان ئۆلىمالار تارىختا قالدى. ھەتتا بىر قىسىم كۈچلۈك دىنىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە دۆلەتلەرگە قارايدىغان بولساقمۇ دىننى سۈيئىستېمال قىلىش دىننىڭ ئەقىدە قىسمىغىچە سىڭىپ كىرگەنلىكىنى كۆرىمىز. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرى تەكىتلەپ «دۆلىتىمىزنى دۈشمەن تۇتقانلىق تەۋھىدنى دۈشمەن تۇتقانلىق، ئۇنىڭغا قارشى سۆز ـ چۆچەك تارقاتقانلىق ئىسلامغا قارشى ئىغۋا تارقاتقانلىق» دېگەن ئىدىيەلىرى دىننىڭ ئەقىدە قىسمىنى سۈيئىستېمال قىلغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. توغرا، ئىسلام دىنىمىز باشلىققا ئىتائەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ناھەق قارشى چىقىشنى چەكلەيدۇ. لېكىن دۆلەتنىڭ بىر قىسىم بولمىغۇر تۈزۈملىرىگە قارشى چىققانلىق ئىسلامغا قارشى چىققانلىق بولمايدۇ. مۇسۇلمان پادىشاھنىڭ زالىملىقى، ئىقتىدارسىزلىقى دېگەندەك سەۋەبلەردىن قارشى چىققانلار ئىمامنىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلار (يەنى باغىيلار) دەپ قارالمايدۇ. بۇنداق

ئەھۋالدا مۇسۇلمانلارنىڭ پادىشاھقىمۇ، قارشى چىققۇچىلارغىمۇ يادەم بەرمەسلىكى لازىم بولىدۇ. چۈنكى پادىشاھقا ياردەم بەرگەنلىك زۇلۇمغا ياردەم بەرگەنلىك، قارشى چىققۇچىلارغا ياردەم بەرگەنلىك پادىشاھقا قارىشى چىقىشقا ياردەم بەرگەنلىك بولىدۇ.[1] بۈگۈنكىدەك مۇسۇلمانلار نۇرغۇن دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن زاماندا بىر دۆلەتكە دۈشمەنلىك قىلىشنى تەۋھىدكە دۈشمەنلىك قىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش دىننى سۈيئىستىمال قىلغانلىق. ئەگەر «مەلۇم بىر دۆلەتكە قارشى چىققانلىق، تەۋھىدكە قارشى چىققانلىق» لېكىن بۇ ھۆكۈم بۇ دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئورتاق ھۆكۈم بولىدىغان بولسا، ھېلىقى دۆلەتنى ياخشى كۆرمەيدىغان مۇسۇلمانلار تەۋھىدنى ياخشى كۆرمەيدىغانلار، ئارقىسىدىن گەپ قىلغانلار ئىسلام دىنىنىڭ ئارقىسىدىن گەپ قىلغانلار بولۇپ چىقىدۇ ـ دە، تەۋھىدكە قارشى چىققان ئادەمدە ئىمان بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، باشقا ئەللەردىكى ھېلىقى دۆلەتنى ياخشى كۆرمەيدىغان، ئارقىسىدىن گەپ قىلىدىغانلارنىڭ ئىمانىدا مەسىلە بار دېگەن گەپ. ئەمما سىياسىي تۈس ئالغان، رايون خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇ «ئىمان ئاساسى» گەرچە شۇ دۆلەت پۇقرالىرىغا قارىتىلغان تەقدىردىمۇ، لېكىن پەتىۋادا ئەسكەرتىلمىگەن. كىتابلا بولسا، پەتىۋالا بولسا تەرجىمە قىلىۋېرىدىغان «خىزمەت»خۇمار قېرىنداشلىرىمىز يۇقىرىقىدەك رايون خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە پەتىۋالارنى تەرجىمە قىلغاندىمۇ، پەش ـ چېكىتلىرىگىچە سادىقلىق بىلەن تەرجىمە قىلىۋېتىدۇ ـ دە، بىزدىكى يات ئەل شەيخلىرىنىڭ ئاغزىدىن چىققاننىڭ ھەممىسىنى شەرىئەتنىڭ قەتئىي ھۆكۈملىرى دەپ قارايدىغان بەزى تالىپلار بۇنى تارازا قىلىپ باشقىلارنىڭ ئىمانىنى ئۆلچەشكە باشلايدۇ.

بۇلارنىڭ دىندىكى بىر قىسىم كىچىك ئىختىلاپلارنى كۆپتۈرۈپ پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان «تەبلىغ جامائىتى»، «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى» قاتارلىقلارنى ئەقىدىسىدە كۇپرى بار ئازغۇن جامائەت دېگەن پەتىۋا ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۈركۈتۈشكە ئۇرۇنۇشى، ئىسلام دۇنياسىدىكى زاكىر نايىك، مۇھەممەد ھەسەن دەدو، نابۇلسىي، شەئراۋىي، ھەسەن بەننا دېگەندەك زور تەسىرگە ئىگە مەشھۇر ئالىملارنى ئازغۇن، بىدئەتچى دەپ پەتىۋا بېرىشلىرى؛ تۈركىيە بىلەن مۇناسىۋىتى يامانلاشسا، ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى ۋە تۈركىيەنى شىرىك دۆلىتى دېگەن دىنىي پەتىۋا بىلەن سۆكۈشكە باشلىشى، ۋە بەزى دۆلەتلىك پەتىۋا ئورگانلارنىڭ تۈركىيەنىڭ ئەرتۇغرۇل، تىرىلىش... قاتارلىق فىلىملىرىنى كۆرۈش ھارام دەپ ئالاھىدە پەتىۋا چىقىرىشى؛ ھەتتا بەزى پەتىۋا ئورگانلىرىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ تۈركىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قاراپ تۇرۇپ، مۇھەممەد فاتىھنىڭ ئىستانبۇلنى پەتھ قىلىش مەسىلىسىنى سىياسىي مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ «بېسىۋالغان» دەپ ئاتىشى، ئىستانبۇلنىڭ پەتھ قىلىنىشى توغرىسىدىكى

---

[1] ئىبنى ئابىدىين: «رد المحتار» 4 ـ توم، 261 ـ بەت.

ھەدىس سەھىھ ئەمەس، تۈركىيە ئىستانبۇلنى بېسىۋالغان تاجاۋۇزچى دەپ پەتىۋا بېرىشلىرى؛ دۆلەت سىياسىي جىنايەت ئارتىپ تۈرمىگە تاشلىغان بەزى كىشىلەرگە دەررۇ «ئەقىدىسى بۇزۇق»، «ئازغۇن» دېگەندەك قالپاقلارنى تەييار قىلىشى؛ دۆلەتلەر ئارا سىياسىي زىددىيەت ياكى سۈركىلىشلەر كۆرۈلگەن سەلەپىيلەر تونىغا ئورىنىۋالغان بىر قىسىم شەيخلەرنىڭ تېلېۋىزور قاناللىرىدا تۈركىيەگە قارشى ئىسلامىي تەشۋىقاتلارنى باشلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دىنىنى سۈيئىستېمال قىلغانلىق. ئازغۇن، بىدئەتچى دېگەن دىنىي قالپاقلار ئارقىلىق مۇرتلىرىنى باشقىلارغا ئەگىشىپ كېتىشتىن توسقانلىقتىن ئىبارەت. بۇ پەتىۋالارنىڭ بىزگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى شۇكى، سەلەپىي ئېقىمدىكىلەرنىڭ قارىشىدا ئازغۇن، بىدئەتچىلەرنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇشقا، نەقىل ئېلىشقا، چۈشەندۈرگەندىن كېيىن قول ئۈزمىگەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى ساقلاشقا بولمايدۇ. ھەتتاكى مەشھۇر بىر «سەلەپىي» شەيخ ئېيتقاندەك «ئۇلارنىڭ چىرايىغا قاراشمۇ ئىنساننىڭ ئەقىدىسىنى بۇلغىۋېتىشى مۇمكىن». ئەگەر سىز ئاتالمىش سەلەپىيلەرنىڭ قارا تىزىملىكىگە چۈشۈپ قالغان ئالىملارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇشقا ئامراق بولسىڭىز، سىزمۇ ئازغۇن ھېسابلىنىسىز. سىزنىڭ كىمنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇشىڭىز قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى بەلگىلەيدۇ.

ئۇلارنىڭ بىدئەت نامى ئاستىدا بېرىلگەن «نامايىش قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر دەۋرىدە بولمىغان، كېيىن پەيدا بولغان بىدئەت»، «دىنىي جامائەت، پارتىيەلەرگە ئەزا بولۇش توغرا ئەمەس دېگەن» پەتىۋالىرىنىڭ ھەممىسى دۆلەت بىخەتەرلىكىنى چىقىش قىلىپ بېرىلگەن رايون خاراكتېرلىك پەتىۋالار. بۇنداق مىساللار بەك كۆپ. بۇ ھەقتە كۆپ توختىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.[1]

بەزىلەر توۋلاۋاتقان «بىز پەقەت كىتاب، سۈننەتكە ئەگىشىشكەندىلا بىرلىشەلەيمىز، شۇندىلا ھەممە ئىشىمىز ئاپتوماتىك تۈزۈلۈپ كېتىدۇ» دېگەن شوئارنىڭ ھېچقانداق خاتاسى يوق، ناھايىتى ئۇلۇغ شوئار. كىتاب، سۈننەتكە ئەگىشىش تارىختىن بېرى ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ھايات پىرىنسىپى بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىمۇ ئايدىن روشەن ھەقىقەت. لېكىن شۇ شوئار بىلەن تەڭ ئىختىلاپ ۋە تالاش ـ تارتىشلارنىڭ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىمۇ بىر رېئاللىق. ئۇنداقتا مۇسۇلمانلار ھازىرغىچىلىك كىتاب، سۈننەتكە ئەگىشىپ باقمىدىمۇ؟ ناۋادا بۇنىڭ جاۋابى «ئەگەشتى» بولسا، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئىختىلاپلار تۈگەپ، ئىشلار قىلىپىغا چۈشۈپ كەتمىدى، ئەگەر «ياق» بولسا، ئۇنداقتا «كىتاب ۋە سۈننەتكە ئەگەشمىگەن بۇ مۇسۇلمانلار»نىڭ ھەممىسىنىڭ ئىمانىدا چاتاق بولغان بولىدۇ. دېمەك، «كىتاب ۋە سۈننەتكە ئەگەشسەك ھەممە مەسىلىمىز ھەل بولاتتى» دېگەن شوئار، ئابستراكت شوئار بولۇپ، ھەر قانداق ئابستراكت

[1] ئەسكەرتىش: يۇقىرىقى پەتىۋالار كىتاب ۋە تورلاردا مەشھۇر بولغانلىقى ئۈچۈن مەنبەسى بېرىلمىدى.

ئۇقۇملارنىڭ ئاستىدا تۈمەنلىگەن كونكرېت قەدەم باسقۇچلار كۆمۈلۈپ ياتقان بولىدۇ. هەر بىر قەدەم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ناهايىتى چوڭ بىر تېما. دېمەك، بۇ شوئارنىڭ ئىجراسى ئەلۋەتتە ئىنچىكە كونكرېتلاشتۇرۇش ۋە سەۋرچانلىق بىلەن قەدەممۇ ـ قەدەم نىشانىسېرى سىجىل داۋام قىلىشقا ئېهتىياجلىق بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ جەريانلار بىزدىن غايەت زور سەۋرچانلىق، مېهىر ـ مۇهەببەت، ئىخلاس ۋە هېكمەت تەلەپ قىلىدۇ. گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلغاندا، قانداقلا بىر مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلسا، مەسىلىنىڭ دىنىي ياكى دۇنياۋىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كۆزنى يۇمۇۋېلىپلا بۇ شوئارنى توۋلاۋاتقانلار دىنىي ئىختىلاپلارنىڭ سەۋەبلىرىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىنى بىلمىگەنلەردۇر.

دىنىي ئىختىلاپلارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى ئۇسۇلۇل فىقهى (هۆكۈم چىقىرىش قائىدىلىرى)، فىقهىي قائىدىلەر، ئەرەب تىلى قائىدىلىرى، مەقبۇل هەدىسنىڭ شەرتلىرى (ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇسۇلۇل فىقهى ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ) جەهەتلەردىكى ئىختىلاپقا بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىختىلاپلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىل ئىشلىتىشى، ئەقلىنى چېنىقتۇرۇپ يېڭى مەسىلىلەرنى شەرىئەت روهى ئاستىدا هەل قىلىشى ئۈچۈن بېرىلگەن چېنىقىش مەيدانى. بۇ ئىختىلاپلار هۇل قائىدە جەهەتتىكى ئىختىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن قائىدىگە ئاساسلىنىپ كۆچلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئىختىلاپلىق مەسىلىدە هەنەفىي مەزهىپىنىڭ قائىدىسىگە ئاساسلانساق هەنەفىيلەرنىڭ قارىشى كۈچلۈك، شافىئىيلارنىڭ قائىدىسىگە ئاساسلانساق شافىئىيلەرنىڭ قارىشى كۈچلۈك بولۇپ چىقىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئىلمىدىن خەۋىرى بار كىشىلەرگە ئايدىڭ مەسىلە. بۇنىڭغا بىر ئىككى مىسال بەرسەم ، هەنەفىي مەزهىپىنىڭ ئۇسۇلۇل فىقهى قائىدىسىدە «الزيادة على النص نسخ»[1] يەنى قۇرئان ياكى مۇتەۋاتىر هەدىسنىڭ هۆكۈمىگە يېڭى هۆكۈم قوشۇش ئايەت ۋە مۇتەۋاتىر هەدىسنىڭ هۆكۈمىنى قىسمەن ئەمەلدىن قالدۇرغانلىق بولىدۇ. مەسىلەن، ئاللاه تائالا: «ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاهارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسىھ قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار»[2] دېدى. تاهارەتنىڭ پەرزلىرى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. يۇقىرىقى ئىشلار هاسىل بولسا تاهارەت هاسىل بولغان بولىدۇ. تاهارەتنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلىرى سۈننەت، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام تاهارەتنى سۈننەتلىرى بىلەن قوشۇپ ئالغان. ئايەتتە قول، پۇت، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسىھ قىلىڭلار دېسە ئۇنىڭغا يەنە پالانى ئىشنىمۇ قوشمىساڭ تاهارىتىڭ تاهارەت بولمايدۇ دېيىش قۇرئاننىڭ هۆكۈمىنى قىسمەن ئەمەلدىن قالدۇرغانلىق بولىدۇ. قۇرئاننىڭ مەلۇم ئايىتىدىكى بىر هۆكۈمگە يەنە هۆكۈم قوشۇشقا توغرا كەلسە، ئوخشاش

[1] «أصول السرخسي» 2 ـ توم، 82~84 ـ بەت ۋە باشقا ئۇسۇلۇل فىقهى كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

[2] سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەت.

دەرىجىدىكى ئايەت ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قەتئىي ئىشەنچلىك يول بىلەن ئىسپاتلانغان مۇتەۋاتىر ھەدىس ئارقىلىق قوشۇشىمىز لازىم. مۇتەۋاتىر بولمىغان ھەدىسلەر بىلەن ئايەتلەردىكى ھۆكۈمگە تەڭ دەرىجىدىكى ھۆكۈم ئىسپاتلاشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە تۆۋەن بولغان ۋاجىپ ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. يەنە بىر مىسال، ئاللاھ تائالا: « (نامازدا) قۇرئاندىن ئۇزەڭلارغا قولاي بولغاننى ئوقۇڭلار»[1] دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قىرائەت قىلىش نامازنىڭ پەرزلىرىنىڭ بىرى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سۈرە پاتىھە ئوقۇلمىغان ناماز ناماز بولمايدۇ» دېدى. ئايەت بىر پىرسەنتمۇ خاتالىق ياكى شۈبھە بولمىغان مۇتەۋاتىر دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان. ئايەت قۇرئاندىن نېمە ئوقۇساڭ بولىدۇ دەيدۇ. بۇنىڭغا پالانى ئايەتنى ئوقۇمىساڭ بولمايدۇ دەپ قوشۇش ئايەتنىڭ ھۆكۈمىنى قىسمەن ئەمەلدىن قالدۇرغانلىق بولىدۇ. بۇنى پەقەت ئايەت ئارقىلىق ياكى مۇتەۋاتىر ھەدىس ئارقىلىقلا قىلغىلى بولىدۇ. يۇقىرىقى ھەدىس مۇتەۋاتىر دەرىجىدە ئەمەس. ھەر ئىككى دەلىلگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نامازغا قۇرئاندىن ئايەت ئوقۇش پەرز، ئايەت ئوقۇلمىغان ناماز ئادا تاپمايدۇ. سۈرە پاتىھەنى ئوقۇش بولسا ۋاجىپ، ئوقۇلماي قالسا سەجدە سەھۋى قىلىۋەتسە بولىدۇ. سەجدە قىلمىسا نامازنى قايتا ئوقۇش لازىم. قايتا ئوقۇمىسا گۇناھكار بولىدۇ دېيىمىز. يۇقىرىقى ھەدىسنى «ناماز كامىل بولمايدۇ» دەپ چۈشىنىمىز دەپ قارايدۇ. يۇقىرىقى مەسىلىلەر مەزھەپلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ بار مەسىلە بولۇپ، مەلۇم بىر قاراشنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇسۇلۇل فىقھى قائىدىسى بويىچە كۈچلەندۈرۈش لازىم بولىدۇ. ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ قائىدىسىگە ئاساسلانساڭ ھەنەفىيلەرنىڭ قارىشى كۈچلۈك. شافىئىي مەزھىپىنىڭ قائىدىسىگە ئاساسلانساڭ شافىئىيلارنىڭ قارىشى كۈچلۈك بولۇپ چىقىدۇ. مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى كۈچلەندۈرۈپ ئاخىرىغا چىقىپ بولالمىغان ئۇسۇلۇل فىقھى قائىدىلىرىنى بىر بىرىگە كۈچلەندۈرۈش بىر ئىككى ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. باشقا ئۇسۇلدا كۈچلەندۈرسەڭ توغرا ئۇسۇلدا كۈچلەندۈرگەن بولمايسەن. باشقا قائىدىلەرگە مىسال سۆزلىسەڭ گەپ بەك ئۇزىراپ كېتىدۇ. قىسقىسى مەزھەپلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپ ئۇسۇل-قائىدە ئىختىلاپىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار تارىختىن بېرى مۇشۇ ئۇسۇل-قائىدىلەر بويىچە ھەنەفىيلەر ھەنەفىي مەزھىپىنى، شافىئىيلەر شافىئىي مەزھىپىنى كۈچلەندۈرۈپ كەلگەن. بىرەر مەسىلىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، تەتقىق قىلىپ، كۈچلەندۈرۈش تۆت، بەش بەت ماقالە بىلەن پۈتىدىغان ئىش ئەمەس. ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشىنىڭ ئىچىدە ئايەت ئوقۇش ئوقۇماسلىق مەسىلىسىگە قارىسىڭىز، مۇشۇ بىر مەسىلە ھەققىدىلا نەچچە پارچە كىتاب يېزىلغان. شۇ كىتابلارنىڭ بىرى ئالتە يۈز بەتلىك «دفع الأوهام عن مسألة القراءة خلف الإمام» ناملىق كىتابتۇر. بۇنداق مىساللار نۇرغۇن.

---

[1] سۈرە مۇززەممىل 20-ئايەت.

ئۆمرىدە توققۇز يۈز پارچىگە يېقىن كىتاب يازغان، كىتابلىرى ھەر ساھەدە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھىم دەرسلىكى بولۇپ كەلگەن، كىتابلىرىنىڭ كۆپلىكى جەھەتتە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مۆجىزىلەرنىڭ بىرى جەلالىددىن سۇيۇتىي ئۆزىنى مۇستەقىل مۇجتەھىد، باشقىلار بىر ئىلىمدە مۇجتەھىدلىك ماقامىغا يەتكەن بولسا، مەن ئۈچ خىل ئىلىمدە مۇجتەھىد مۇتلەقلىق دەرىجىسىگە يەتتىم، تاجۇسسۇبكىيدىن كېيىن مەندەك بىر ئالىم كېلىپ باقمىدى دەپ سورۇنلاردا ئۆزىنىڭ مۇجتەھىد ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان. ئۆلىمالار مۇنازىرىگە چاقىرسا: مەن پەقەت ئۆزۈمگە ئوخشاش مۇجتەھىد بىلەنلا مۇنازىرىلىشىمەن. بۇ ئەسىردە مەندىن باشقا مۇجتەھىد يوق دەپ رەت قىلغان. ئۆلىمالار ئەگەر سەن مۇجتەھىد مۇتلەق بولساڭ مۇجتەھىدلەر قائىدىسى بويىچە كۆچلۈك قاراشنى تېپىپ چىق! دەپ ئىمام شافىئىيدىن ئىككى خىل رىۋايەت كەلگەن ئون سەككىز مەسىلىنى يېزىپ ئەۋەتكەن. ئىمام سۇيۇتىي سوئاللارنىڭ بىر قىسمىغا زەركەشىي دېگەندەك كېيىنكى ئالىملارنىڭ سۆزلىرى بىلەن جاۋاپ بىرىپ، قالغىنىنى رىۋايەتلەر ئارىسىنى كۆچلەندۈرۈش جاھىل ياكى پاسىقنىڭ ئىشى دەپ ئۆزرە ئېيتىپ قايتۇرغان.[1] مۇجتەھىد ئىماملاردىن ھەرخىل رىۋايەت كەلگەن مەسىلىلەر ئارىسىنى نەقلىي دەلىللەر ۋە ئۇسۇلۇل فىقھى ئىلمى بويىچە كۆچلەندۈرۈش ئاسان ئىش ئەمەس. ئەمما فىقھى ئىلمىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش قائىدىلىرى بويىچە كۆچلەندۈرۈش مۇمكىن. ئىلىم، تەقۋالىق كۆتۈرۈلگەن بۇ ئاخىرقى زاماندا ئەڭ ئاسان نام چىقىرىش ئىختىلاپلىق مەسىلىلەر ئارىسىنى كۆچلەندۈرۈش بولۇپ قالدى. ئاۋام ـ خەلقمۇ ھەر چوڭ مەسىلىلەردە ماۋۇ قاراش كۆچلۈك دەپ كۆچلەندۈرىۋېرىدىغان بولۇپ قالدى. ھەر قايسى ئىسلام رايونلىرىدا ھەر كۈنى نۇرغۇن مەسىلىلەر كۆچلەندۈرۈلۈپ كىتابلار يېزىلىدۇ. لېكىن ئۇ كىتابلار نەگە بارىدۇ؟ ئىشكاپلارغا بارىدۇ. قائىدىسىز كۆچلەندۈرۈش سەۋەبىدىن بىر مەسىلىنى بەش ئۆلىما بەش خىل كۆچلەندۈرىدۇ. شۇ سەۋەپتىن زامانىمىزدا ئىختىلاپ ئىلگىرىكىدىن كۆچەيسە كۆچەيدىكى، ئازلىغىنى يوق. ئىختىلاپلىق مەسىلىلەر ئارىسىنى نەقلىي دەلىللەر ئارقىلىق كۆچلەندۈرىمەن دېيىش مىڭ يىل ئىلگىرىگە قايتىمەن دېيىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. قايتىساڭمۇ يەنە ئوخشاش نەتىجە ئۇسۇل ـ قائىدە ئىختىلاپىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىزنى ئايىغى چىقماس ئىختىلاپلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرتۈپ، ھالسىرىتىپ يۈرمەي بىز قەدىمدىن بېرى ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان، تالاي ھەدىسشۇناس، فىقھشۇناسلارنىڭ تەكشۈرۈشى، تەتقىق قىلىشى، ماقۇللىشىدىن ئۆتكەن، خەلقىمىز ھاياتىغا چوڭقۇر سىڭگەن ھەنەفىي مەزھىپىنى ئاساس قىلىپ، باشقا مەزھەپلەردىن پايدىلىنىپ، ھەنەفىي مەزھىپىدىن چىقىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردە ئۇسۇلى تەتبىق (فىقھى ئىلمىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش) قائىدىلىرى بويىچە باشقا مەزھەپ قاراشلىرىنى تۇتۇپ، يېڭى

[1] مۇھەددىس ئابدۇرەئۇف مۇناۋىي: «فيض القدير» 1 ـ توم، 9 ـ بەت.

مەسىلىلەردە فىقھى قائىدىلەر بويىچە ئۆزىمىز ئىجتىھاد قىلىپ ياكى خەلقئارالىق فىقھى تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ قاراشلىرىغا ئاساسلىنىپ ئۆزىمىزگە خاس مەدرىسە يەنى دىنىي ئېقىم شەكىللەندۈرۈشىمىز لازىم.

ئەقىدە مەسىلىلىرىدىمۇ غەرەزلىك پەيدا قىلىنغان ھەر خىل ئېقىملارنىڭ كەينىگە كىرىپ مىڭ يىلدىن ئارتۇق ئىسلامىي تارىختا ئىگە مۇسۇلمان خەلقىمىزنى قايتا ئىمان ئېيتقۇزىمەن دەپ يۈرمەي، خاتا كەتكەن يەرلىرىنى تۈزىتىپ، قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىمىزگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا خەلقىمىزنى ئاللاھ ئالدىدا جاۋاپ بېرەلەيدىغان شەكىلدە يېتەكلىشىمىز لازىم.

بىز دىنىي تەتقىقات جەھەتتە خېلىلا كېيىن قالغان بىر مىللەت. تاتارلارغا قارايدىغان بولساق يۈز يىل بۇرۇن قىلىدىغان ئىختىلاپىنى قىلىپ، فىقھى، ئەقىدە، تەسەۋۋۇپ جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس مەدرىسە شەكىللەندۈرگەن. شىھابۇددىن مەرجانىي، ئابدۇننەسىر قورساۋىي قاتارلىقلار يېقىنقى زاماندىكى مەشھۇر تاتار ئالىملىرى بولۇپ، نۇرغۇن باشقا مىللەت ئالىملىرى شاگىرتلىرىنى ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى تەتقىق قىلىشقا، تەھقىقلەشكە ۋەسىيەت قىلغان. ئۇلارنىڭ كىتابلىرى ئەرەب ۋە باشقا مىللەت ئالىملىرى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان ۋە ئالاھىدە يۇقىرى باھا بېرىلگەن.

ئەقىدە مەسىلىسى ئەڭ زىل مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنىڭ ھەر بىر كىچىك نۇقتىلىرىغا قەدەر ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەقىدە مەسىلىسىدە ئىختىلاپلىق مەسىلىلەرنى قەتئىيلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋېلىپ، قىلنى پىل كۆرسىتىپ، ھەممە كىشىنى كاپىر، ئازغۇنغا چىقىرىدىغان ئاشقۇنلۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن نەۋاقىزۇل ئىمان (ئىماندىن چىقىرىدىغان ئىشلار)، ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسى، تارىختىكى ۋە ھازىرقى ئەھلى سۈننەت مەزھەپلىرى ۋە ئازغۇن مەزھەپلەر، ۋەسىلە مەسىلىسى، مازار-ماشايىخ مەسىلىسى قاتارلىق ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك ھەر بىر مەسىلە قەدىمىي مۆتىۋەر ئەقىدە كىتابلىرى ۋە ئالىملىرىغا مۇراجىئەت قىلغان ئاساستا شاخچە مەسىلىلەرگە قەدەر مەخسۇس تەتقىق قىلىنىشى، تەپسىلىي بايان قىلىنىشى كېرەك دەپ ئويلايمەن.

يەنە ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى تەسەۋۋۇپ مەسىلىسى. تەسەۋۋۇپ بىز ئۇيغۇرلارغىلا ئەمەس پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىگە كەڭ تارقالغان. تارىختا قارايدىغان بولساق تەسەۋۋۇپ بىلەن ئالاقىسى بولمىغان ئالىمنى تاپقىلى بولمايدۇ. فىقھى ۋە ئەقىدىدە قايسى مەزھەپ بولسۇن تارىختىكى ھەممە ئالىمنىڭ تەسەۋۋۇپ بىلەن يىراق-يېقىندىن باغلىنىشلىقى بولغان. يا ئۆزى تەسەۋۋۇپقا كىرگەن ياكى سوپى ئالىملارغا شاگىرت بولغان ياكى مەلۇم بىر

سوپىنى ماختىغان. تەسەۋۋۇپنىڭ ھەممىسى ئازغۇنلۇق دەپ قاراش تارىختىكى نۇرغۇن ئالىملارنى ئازغۇنغا چىقىرىدىغان ناھايىتى يەڭگىلتەك بىر قاراش. توغرا، سوپىلارنىڭ ئازغۇنلىرىمۇ كۆپ، شۇنداقلا توغرا يولدىكىلىرىمۇ ئاز ئەمەس. بۇ يەردىكى گەپ كىشىلەرنى سوپىلارغا قول بېرىپ سوپى بولۇشقا تەرغىپ قىلىش ئەمەس، بەلكى بىر قىسىم سوپىلارنىڭ ئازغۇنلۇقلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن بىرگە تەسەۋۋۇپ كىتابلىرىدىن پايدىلىنىش، ئالىملارغا باھا بېرىش مەسىلىسىدۇر. چۈنكى تەسەۋۋۇپ كىتابلىرى ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىمغا قەدەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دەرسلىك قىلىنغان.

ئىسلام دۇنياسىنى جۈملىدىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى قالايمىقان قىلىۋاتقان يەنە بىر ئىش بىدئەت مەسىلىسى. بۇ مەسىلىدىمۇ قەدىمىي مىراسلىرىمىزغا تايانغان ھالدا بىدئەتنىڭ تەبىرى، بىدئەت ئىشلار ۋە بىدئەتچىلەرگە بولغان مۇئامىلە ھەققىدە تەپسىلىي تەتقىق قىلىپ توغرا قاراش تۇرغۇزۇپ چىقىشقا تىرىشىش لازىم. بىدئەت تېمىسى چېتىلىش دائىرىسى بەك كەڭ تېما بولغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيە، قاراشلىرىغا، ئىتىپاقلىقىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ۋەز ـ نەسىھەت ساھەسىگە كەلسەك، بۇ ساھەدە چوڭ مەسىلە يوق، تۇقۇلما ھەدىسلەردىن، خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بولغان سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلانغان ئاساستا تەسىرلىك، كىشىلەرنى تەقۋالىققا، ئىسىل ئەخلاققا ئۈندەيدىغان مەزمۇنلار سۆزلەنسە بولىدۇ.

ھازىرقى ئىسلام دۇنياسىغا قارايدىغان بولساق، ئەقىدە، فىقھى، بىدئەت، تەسەۋۋۇپ، پىكىر ساھەلىرىدە بىزنىڭ ئۆز ئەينى تەقلىد قىلىشىمىزغا، ئۇلاردىن پىر تۇتۇشىمىزغا يارىغۇدەك بىرەر ئېقىم مەۋجۇت ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىمىزگە خاس مەدرىسە (ئېقىم) شەكىللەندۈرۈشىمىز، باشقىلارغا قويرۇق بولىدىغان ئىشنى تاشلىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر ئەھلى ئىلىملىرى ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، يۇقىرىقى ساھەلەردە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ ئۆزىمىزگە خاس مەدرىسە (ئېقىم) شەكىللەندۈرەلىگەندە، مىللىتىمىزنىڭ دىنىي ئىشلىرى قېلىپلاشقان بولىدۇ ۋە تەدرىجىي ھالدا ئىمپورت ئۆلىما، ئىمپورت پەتىۋالاردىن قۇتۇلۇپ، كىتاب، سۈننەتكە بىۋاستە ئېسىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. فىقھىدە ھەنەفىي مەزھىپىنى ئاساس قىلساق، ئەقىدىدە قەدىمىي كىتابلارغا تايانساق قانداقسىگە كىتاب، سۈننەتكە بىۋاستە ئېسىلغان بولىمىز دېيىشىڭىز مۇمكىن. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ھەنەفىي مەزھىپى ئەبۇ ھەنىفەنىڭلا مەزھىپى ئەمەس، بەلكى قۇرئان، ھەدىس ئاساسىدا قائىدە، پىرىنسىپلىرى قېلىپلاشقان، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئۈممەتنىڭ ئەقلىي تىرىشچانلىقلىرىنىڭ مۇۋىسى مۇجەسسەملەنگەن، تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش، ماقۇللاشلاردىن ئۆتكەن بىر ئىلىم. سىز ئەبۇ ھەنىفىگە ئەمەس، ئىلىمغا ئەگەشكەن بولىسىز. چۈنكى

ھەنەفىي مەزھىپىدە ئەبۇ ھەنىفەنىڭ سۆزلىرى ئەمەل قىلىنمىغان يەردە ئەبۇ يۇسۇف ۋە مۇھەممەد قاتارلىق شاگىرتلىرىنىڭ
ھەنەفىي مەزھىپىدە ئەبۇ ھەنىفەنىڭ سۆزلىرى ئەمەل قىلىنماي، شاگىرتلىرىنىڭ ياكى كېيىنكى ئالىملارنىڭ سۆزلىرى ئەمەل قىلىنىدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەر بار. ھەنەفىي مەزھىپى شەكىللىنىشتىلا شۇرا (كېڭەش) ئارقىلىق شەكىللەنگەن مەزھەب. ھەنەفىي مەزھىپىدە ئەمەل قىلىنىدىغان قاراش تەرجىھ ئۆلىمالىرى (يەنى ئۇسۇل-قائىدىلەرنى ۋە شاخچە مەسىلىلەرنى مۇكەممەل چۈشىنىپ ھەر خىل قاراشلار ئارىسىدىن بىرىنى كۈچلەندۈرەلەيدىغان ئالىملار)نىڭ قارىشىدۇر. سىز شۇ دەرىجىگە يەتسىڭىز ۋە ئۇسۇل-قائىدىلەر بويىچە بىرەر قاراشنى كۈچلەندۈرسىڭىز ۋە باشقىلارنى قايىل قىلالىسىڭىز سىزنىڭ گېپىڭىز گەپ بولىدۇ. مەسىلەن، تاتار ئالىمى شىھابۇددىن مەرجانىي ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ شەيخۇلئىسلامى ئىبنى كامال باشا ئوتتۇرىغا قويغان، ئىبنى ئابىدىن قاتارلىق نۇرغۇن كاتتا ئالىملار قوبۇل قىلغان «مۇجتەھىدلەر تەبىقە قارىشى»نى تەنقىدلەپ ئاغدۇرۇۋەتكەن، كېيىنكىلەر مەرجانىينىڭ پىكرىنى قوللىغان.

فىقھى جەھەتتە دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلار ئاساسلىق تۆت مەزھەپنىڭ بىرىنى تۇتۇپ ماڭىدۇ. مۇسۇلمان دۆلەتلىرىمۇ مۇشۇ مەزھەپلەرنىڭ بىرىنى دۆلەت مەزھىپى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئاز بىر قىسىم مۇسۇلمانلار «تاللانما فىقھى» تۇتۇپ، بۈگۈن بىر ئۆلىمانىڭ، ئەتە بىر ئۆلىمانىڭ پەتىۋاسىنى تۇتۇپ مېڭىۋاتىدۇ. ئەمما ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىدىن ئاز بىر قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچىسى فىقھى ساھەدە ئۆزى بىلىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان مەلۇم ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋالىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە ئۆز ئەينى يۆتكەپ تەتبىقلاش بىلەن ئاۋارە. ئەمما مەزكۇر تەرجىمە پەتىۋالارنىڭ رېئال ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىلەن قانچىلىك ماسلاشقانلىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىدىن چىقالىغان-چىقالمىغانلىقى بىلەن ھېسابلىشىدىغان ئادەم يوق.

ھازىر كۆپ قىسىم ئۇيغۇر دىنىي ئالىملىرىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» نامىدا بىر ئۇستەلنىڭ ئەتراپىغا كەلگەنلىكى ئالقىشلاشقا تېگىشلىك چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيەت. ئەگەر شۇلار يۇقىرىقى مەسىلىلەردە بىرلىك ھاسىل قىلىپ، ھازىرىمىزنى ئۆتمۈشىمىزگە ئۇلايدىغان، باشقىلارغا قويۇق بولماي بىۋاستە كىتاب، سۈننەتكە ئەگىشىدىغان ئۇيغۇرغا خاس دىنىي مەدرىسە، ئېقىم شەكىللەندۈرەلىگەندە، ئۇيغۇرلار دىنىي جەھەتتە زور بىر قەدەمنى بېسىپ ئۆتكەن بولىدۇ. ئىككى جۇمھۇرىيەت دەۋرىدە جىھاد تەرغىباتلىرى بىلەن خەلقىمىزنى دۈشمەنگە قارشى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرەلىگەن دىنىمىز ۋە دىنىي ئالىملىرىمىز نۆۋەتتە كەلگەندە يەنە ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرالايدۇ. ناۋادا ئۇنداق بولمايدىكەن «بۇ ياققا كېلىڭلار، دۈشمەنگە قارشى بىر ئىش قىلايلى!» دەپ چاقىرىق قىلسا «پالانى شەيختىن پەتىۋا سوراي»، «گوگلدىن ئىزدەپ باقاي قاتارلىق»

تۇرۇپ ھەر خىل دىنىي پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ، كۆز ئالدىدىكى رېئال تەھدىتنى تاشلاپ قويۇپ، بىر-بىرىنىڭ ئىمانىغا باھا بېرىش بىلەن ئاۋارە بولىدىغان ئىشلار يۈز بېرىدۇ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، دىنىي ئىختىلاپلارنىڭ ئاۋام خەلق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. دىنىي ئىختىلاپ پەقەت دىنىي ئەھلى ئىلىملەر ئارىسىدا يۈز بېرىدۇ ۋە ئىلمىي يول بىلەن ھەل قىلىنىدۇ ياكى ھەممىسى ئۆزى توغرا دەپ قارىغان يولنى تۇتۇپ مېڭىۋېرىدۇ. خەلق پەقەت ئۆزى ئىشەنگەن ۋە قايىل بولغان ئۆلىماغا ئەگىشىدۇ. دېمەك، دىنىي ئىختىلاپلا ئۆلىمالار ئارىسىدا، كىتابلار ئالدىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ھەل قىلىنغىنى ۋە بىر-بىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا ئۆز يولىنى داۋام ئەتكىنى تۈزۈك. ئاۋام خەلق ئارىسىغا ئۆلىمالارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنى سۆرەپ كىرىش ئەل جامائەتنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. ئۇلارنى ھېچ كىشىگە ئىشىنەلمەيدىغان ھالغا ئەكىلىپ قويىدۇ.

«شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» ئەزالىرىنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ ناھايىتى ياخشى تەرتىپكە سېلىۋاتىدۇ. ئۇلار يەنە بىرلىك نامىدىن «فىقھى تەتقىقات ھەيئىتى»، «ئەقىدە تەتقىقات ھەيئىتى» قاتارلىق ھەيئەتلەرنى تەسىس قىلىپ، ئۆزىمىزگە خاس مەدرىسە يەنى دىنىي ئېقىم شەكىللەندۈرۈشنى مۇھىم خىزمەت قاتارىغا كىرگۈزۈشى لازىم. ھەيئەت ئەزالىرى بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى، مەلۇم شەخسلەرنى ئايرىپ، ئۆز ئالاھىدىلىكىگە قارىتا مۇتەخەسسىسلەشتۈرۈشى، خەلقئارالىق تەتقىقات مەركەزلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ ئىلغار تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ۋاقتىدا ۋاقىپ بولۇپ تۇرۇشى لازىم.

مېنىڭچە، مۇقىم مەنھەجى ۋە پىرىنسىپى بولمىغان، «ئۇ ئالىم مۇنداق دەپتۇ، بۇ ئالىم مۇنداق دەپتۇ» دەپ مېڭىۋېرىدىغان ئۆلىمانىڭ بۈگۈنكىدەك ھەر كۈنى يېڭى تەشۋىقات، يېڭى ئېقىملار چىقىپ تۇرىدىغان، مەزھەپ ۋە ئېقىملار مەقسەتلىك، غەرەزلىك ئىجاد قىلىنىدىغان، دىن دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئارا قىرغىن قىلىششقا، دىنىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان، پىتنىگە تولغان زاماندا باشقىلارغا توغرا يول كۆرسەتمەك تۈگۈل ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ساغلام ساقلاپ قالالىشىمۇ قىيىنغا توختايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال ئالىملار ئۆزىگە مۇقىم مەنھەج، پىرىنسىپ شەكىللەندۈرۈشى، خەلقئارادىكى باشقا دىنىي ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىشى، ئەمما ئۇلارغا ئەل بولۇپ، ئەرىپ كەتمەسلىكى لازىم. يەنى باشقا ئۆلىمالارنىڭ مەيلى فىقھىي ياكى پىكرىي ئەسەرلىرى بولسۇن ۋاقتى-ۋاقتىدا ئۈچرىشىپ، شۇلاردىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر

مۇسۇلمانلىرىغا زۆرۈر بولغان، بىرلىك ۋە باراۋەرلىككە ئۈندەيدىغان تېمىلاردا ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ بېشىنى بىر ئارىغا ئەكىلىشى كېرەك. شۇ نەرسە ئايدىڭ بولسۇنكى، بىزنىڭ مەسىلىمىز پەقەت ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان، داننى ساماندىن ئايرىشنى بىلىدىغان، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىنىڭ ئۈستىگە قويالايدىغان ئالىم ۋە مۇتەپەككۇرلار ئارقىلىقلا ھەل بولىدۇ. ناۋادا بۇ خىل ئىزدىنىش ۋە ئۇرۇنۇش يولىنى تۇتماي، يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئۇ ئالىم مۇنداق دەپتۇ، بۇ مۇنداق دەپتۇ دەپ، ئاققۇن ئىدىيە، نېمكەش پىكىرلەر ۋە تەرجىمە پەتىۋالار بىلەن ئەپلەپ-سەپلەپ جامائەتنى كولدۇرلىتىپ ئۆتىدىغان بولساق، مۇھاجىرەتتىكى ئازغىنە خەلقىمىزنىمۇ قوغداپ قالالىشىمىز تەسكە توختايدۇ. ئەمەلىيەتتە ۋەتىنىمىزدىكى ۋەزنى بار، مۆتىۋەر ئۆلىمالىرىمىزنىڭ تارىخىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇلار بىر نەچچە خىل قاراش بار مەسىلىلەردە ئەڭ ئاۋۋال خەلقىمىزنىڭ بىرلىكىنى ئاساسى ئورۇندا قويۇپ، تۇرمىدە ياتسىمۇ، ئازابقا دۇچار بولسىمۇ، ئومۇمىي خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئۆز مەيداندىن يانمىغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئۆلىمالارنىڭ مەزھەپسىزلىكى، مۇقىم مەنھەجى، پىرىنسىپى بولماسلىق ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋال. بۇ ھەقتە ئەللامە رامىزان بۇتىي، مۇھەممەد زاھىد كەۋسەرىيلەر مەخسۇس كىتابلارنى يازغان. كەۋسەرىي كىتابىنىڭ ئىسمىنى «مەزھەپسىزلىك دىنسىزلىقنىڭ كۆۋرۈكى» دەپ ئاتىغان. مەنھەج، پىرىنسىپ ئىنساننى ئېزىپ كېتىشتىن ساقلايدىغان مۇستەھكەم قورغاندۇر.

بۈگۈنكىدەك ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ قىسمى بىر تەشكىلات ئەتراپىغا ئۇيۇشقان ياخشى بىر باشلىنىشتا، ھەر بىر ئۇيغۇر قېرىندىشىمىزنىڭ بۇ تەشكىلاتنى قوللاپ قۇۋۋەتلىشى، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئۇلىنى كولاشقا، يېقىتىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشى لازىم. ئۆلىمالارمۇ كۆنسېرى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىزدىنىپ، پۈتۈن كۈچىنى مىللەتنى توغرا يېتەكلەشكە قارىتىشى، پىكىر-قاراشلاردا ئومۇمىيلىقنى ئاساس قىلىپ، غىل-پال، كېلىپ - كېتەر ئاقما پىكىرلەردىن يىراق تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئوبرازى ۋە سالاپىتىنى مۇداپىئە قىلىشى زۆرۈر. شۇندىلا ئۇلار خەلققە ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ئاتا قىلالايدۇ، خەلقمۇ شۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ بىر كۈچ بولۇپ شەكىللىنىدۇ-دە، ئاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى ۋە ھەيۋىسى پەيدا بولىدۇ.

—— ئاپتور: مەدىنە مۇنەۋۋەرە «مەسجىدىل ھەرەم شەرىئەت فاكۇلتېتى»نى پۈتتۈرگەن، مۇستەقىل تەتقىقاتچى

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەد يۈسۈپ

# ئۆلىمالارنىڭ ئورنى، ۋەزىپىلىرى ۋە ئەخلاقى



ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى

رەببانىي ئۆلىمالار ئىلاھىي ۋەھىينىڭ مۇتەۋەللىيلىرى، شەرىئەتنىڭ ھامىيلىرى، ئۈممەتنىڭ يۇلتۇزلىرى ۋە يېتەكچىلىرىدۇ. ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ مەشئىلى بولغان پەيغەمبەرنىڭ ئىزباسار ۋارىسلىرىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنى ئۆلىمالارنىڭ قەدىر قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈگەن. ئۇلاردىكى ئىلىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇلارنى قەدىرلەشنى ئۈممەتكە ۋاجىپ قىلغان.[1]

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ۋەھيىنى يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۆلىمالارغا يۈكلىگەن ۋە ئۇلارغا ئامانەت قالدۇرغان. قۇرئان كەرىم ئۈممەتنى ئۆلىمالارغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە بىلمىگەن ئىشلىرىدا ئۆلىمالاردىن سوراشنى پەرز قىلغان.

بىلىم-مەرىپەت پەيغەمبەر ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالارنىڭ جىھادىدۇر، ئۇ تىل ۋە قول ئارقىلىق بولىدىغان جىھاتتىن مەنپەئەتلىكتۇر: «ئۇلارغا قارشى قۇرئان ئارقىلىق كاتتا جىھاد قىلغىن»[2].

ئاللاھ يولىدىكى جىھادنىڭ تۈرلىرى ھەرخىل بولىدۇ. مەسىلەن، باتىلغا قارشى تۇرۇپ ھەقىقەتنى نامايان قىلىش، ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى پاكلاش، تەلىم-تەربىيەنى قانات يايدۇرۇش ۋە ھەقىقەتنى كۆزلىگەن ئاساستا ئىش-ھەرىكەت قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. دەۋەت قىلىش، پاكىت كۆرسىتىش ۋە

---

[1] رەسۇلۇللاھ: «چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەتلىمىگەن، كىچىكلەرنى ئىززەتلىمىگەن ۋە ئالىمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس دېگەن». (ئىمام ئەھمەد ۋە تەبرانى رىۋايىتى).

[2] فۇرقان سۈرىسى، 52-ئايەت.

بايان قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت جىھادنىڭ مەنپەئەتى بۇيۇكتۇر ۋە دۈشمەنلىرى كۆپ بولغانلىقتىن قىلىچ ئارقىلىق بولىدىغان جىھاتتىن مۇھىمدۇر. پاكىت ۋە ھۆججەتنىڭ كۈچى بولمىسا، ئاللاھ يولىدا ئېلىپ بېرىلغان جىھاد ھىدايەت ۋە ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ. شۇڭا دەۋەت قىلىش، نەپسىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ۋەھيى ئارقىلىق مۇنازىرىلىشىش قىلىچ ئارقىلىق بولىدىغان جىھاتتىن بۇرۇن بولىدۇ ۋە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

جەمئىيەتتە ئازغۇن ئېقىم ۋە خاتا ئىدىيەلەر قانچە كۆپ تارالغان بولسا، ئۆلىمالارنىڭ ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىش ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىر، تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئازغۇن ئېقىملارنىڭ خاتا ئىدىيەلىرىگە ۋە تاجاۋۇزچى دۈشمەننىڭ ئىدىيە ھۇجۇملىرىغا، قۇرئاننىڭ پىرىنسىپال ئاساسلىرى ۋە ئۆزگەرمەس نىشانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق كۈچىنىڭ يېتىشىچە تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ تۆردىكى جىھادنى ئۆلىمالاردىن باشقىلار ئۈستىگە ئالالمايدۇ.

قۇرئان كەرىمدە «وَجَاهِدْهُمْ بِهِ جِهَادًا كَبِيرًا» «قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۈرەش قىلغىن»[1] دەپ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان بۇ كۈرەش، ھايات كۈرىشىدىن ئىبارەت. بۇ كۈرەش بولسا ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ياخشىلىقنى قانات يايدۇرۇش، ئادالەتنى بەرپا قىلىش، تەقۋالىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش ۋە باشقا ئىنسانلار بىلەن ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن ئىبارەت ھايات مەيدانلىرىدىكى كۈرەشتۇر.

قۇرئان ئارقىلىق بولىدىغان كۈرەش «ئىلمىي نەزەرىيە كۈرىشى، ئەمەلىي تەدبىقلاش كۈرىشى» دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك كۈرەش بىرىنچى تۈرلۈك كۈرەشنىڭ مېۋىسى سانىلىدۇ، چۈنكى ياراملىق ئەركەكلەر رەببانىي ئۆلىمالارنىڭ قولى ئارقىلىق تەربىيىلىنىدۇ.

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا پاكىت ئارقىلىق كۈرەش قىلىش كۈچ ئارقىلىق كۈرەش قىلىشتىن قىيىن بولىدۇ، چۈنكى ئەقىلنى بويسۇندۇرۇش ۋە قايىل قىلىش بەدەننى بويسۇندۇرۇشتىن قىيىندۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزباسارلىرى بولغان ئۆلىمالار رەسۇلۇللاھنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئۇنىڭ بارلىق سۈننەتلىرىنى تىرىلدۈرۈشى، كىشىلەرنىڭ دىنى چۈشەنچىلىرىنى ئىلاھىي ۋەھيى ئاساسىدا يېڭىلاش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى ۋە ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلىرىنى شەرىئەت نۇقتىسىدىن ھەل قىلىپ بېرىشى لازىم.

---

[1] فۇرقان سۈرىسى، 52 ـ ئايەت

## ئىسلامدا ئۆلىمالارنىڭ ئورنى ۋە نوپۇزى ھاكىملارنىڭكىدىن يۇقىرىدۇر

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: «ئى مۆمىنلەر ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە سىلەردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكى مەسئۇللارغا ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەن[1]. بۇ ئايەت مۇسۇلمانلاردىن بولغان مەسئۇللارغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان. ئايەتتىكى ئىش ئۈستىدىكى مەسئۇللار سىياسەت ۋە ئىجرا قىلىش ساھەسىدىكى ھاكىملار بولسا، ئىجتىھاد، پەتىۋا بېرىش ۋە يول كۆرسىتىش ساھەسىدە مۇجتەھىد ئۆلىمالاردىن ئىبارەتتۇر.

ھاكىملار مۇجتەھىد ئۆلىمالارنىڭ ئىجتىھادى ۋە ئىزدىنىشىگە ئەگىشىشى، شۇنداقلا ئۇلار چىقارغان ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلىشى لازىم. چۈنكى ئۆلىمالار يولباشچى ۋە يېتەكچى، ھاكىملار بولسا ئەگەشكۈچى ۋە ئىجرا قىلغۇچىدۇر.

بۇنىڭ دەلىلى شۇكى: «مۆمىنلەرگە ئائىت ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچنىڭ بىرەر خەۋىرى ئۇلارغا يەتسە، ئۇنى تارقىتىۋېتىدۇ. ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھۆكۈم چىقىرالايدىغان ۋە يەكۈن ئالالايدىغانلارغا مەلۇم قىلسا، شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى»[2].

بىلىم ـ مەرىپەتتىنمۇ ئەۋزەل نەرسە يوقتۇر، پادىشاھلار كىشىلەرگە ھاكىم بولسا، ئۆلىمالار پادىشاھلارغا ھاكىمدۇر. بۇرۇنقى ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە ھاكىملار سىياسەت ۋە دۇنيا ئىشلىرىدا ئۆلىمالارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش قىلاتتى، ئۆلىمالار ھاكىملارنى توغرا يولغا يېزلەندۇرۇپ يول كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۆلىمالار يېتەكچى، ھاكىملار ئەگەشكۈچى ئىدى. بۇ ئۆلىمالارنىڭ تەبىئىي ھوقۇقى ۋە ئەمەلىي نوپۇزىدۇر. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئۆلىمالارغا ھاكىملاردىن يۇقىرى ھوقۇق بەرگەن. ئۆلىمالار يېتەكلەيدۇ، ھاكىملار ۋە سۇلتانلار ئۆلىمالارنىڭ يول كۆرسىتىشى ئاساسىدا ئىش ئېلىپ بارىدۇ.

مۇتەپەككۇر مۇھەممەد بەشىر ئىبراھىمىي ئۆلىمالار ھەققىدە: «ئۆلىمالار پادىشاھلار ئۈستىدىن پادىشاھ ئىدى، پادىشاھلارنى كۆزىتىپ تۇراتتى، باتىل ۋە ناھەقچىلىق بولسا رەت قىلاتتى، دىننىڭ كۆرسەتمىسىگە زىت ئىش قىلسا، سۈكۈت قىلمايتتى ۋە سەل قارىمايتتى، ئاللاھنى رەنجىتىدىغان ئىشلاردا پادىشاھلارنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىمەيتتى» دېگەن[3].

---

[1] نىسا سۈرىسى، 59 ـ ئايەت.

[2] نىسا سۈرىسى، 83 ـ ئايەت.

[3] مۇھەممەد بەشىر ئىبراھىم ئەسەرلىرى، 4 ـ توم، 112 ـ بەت.

بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۆلىمالارنىڭ قەدرىنى كۆتۈرگەن، ئۇلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭغان ۋە جەمئىيەتنى يېتەكلەش ۋەزىپىسىنى ئۆلىمالارغا تاپشۇرغان مىللەت ياكى ئۈممەت ئېزىپ كەتمەيدۇ ۋە زىيان تارتمايدۇ.

ئەمەلىيەتچان ئۆلىمالارنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىسىنى ھېچ بىر ئىنسان ئىنكار قىلالمايدۇ: «ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقان ۋە بىلىم ـ مەرىپەتلىك ئۆلىمالارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ»[1].

ئۆلىمالارنىڭ قەدرى ـ قىممىتى توغرىسىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئاسمان ـ زېمىندىكى ھەر قانداق نەرسە، ھەتتا سۇدىكى بېلىقمۇ ئالىمنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى تىلەپ ئىستىغپار ئېيتىدۇ، ئالىمنىڭ مۇتتەقى ئابىدغا نىسبەتەن پەزىلىتى ئاينىڭ يۇلتۇزلارغا قارىتا ئارتۇقچىلىقىغا ئوخشايدۇ. ئۆلىمالاربولسا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىزباسارىدۇر» دېگەن[2].

رەسۇلۇللاھ يەنە: «كىمكى بىلىم ـ مەرىپەت ئېلىش ئۈچۈن ئاتلانسا، ئۇ قايتقانغا قەدەر، ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئاللاھنىڭ يولىدا (كۈرەش) ھېسابلىنىدۇ» دېگەن[3].

ئىمام مالىك: «بىر بۆلەك كىشىلەر نەپلە ئىبادەت بىلەن بولۇپ كېتىپ، بىلىم ـ مەرىپەتنى تاشلاپ قويۇش نەتىجىسىدە «ئىسلام ئۈممىتىگە» قارشى قىلىچ كۆتۈرگەن. ئەگەر ئۇلار بىلىم ـ مەرىپەت ئالغان بولسا، مۇنداق خاتا ئىشنى قىلماس ئىدى» دېگەن[4].

ئۆلىمالار ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى دوختۇرلىرىدۇر. چۈنكى ئۇلار قەلبنىڭ كېسەللىرىنى داۋالايدۇ، قەلبنىڭ كېسەللىرى بەدەننىڭ كېسەللىرىدىن ئاز بولمايدۇ. بىلىمسىزلىك كېسەل بولسا، بىلىم ـ مەرىپەت شىپادۇر.

ئىمام ئىبنى تەيمىيە: «مۇسۇلمانلار ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا مۇھەببەت باغلىغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا، بولۇپمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالارغا مۇھەببەت باغلىشى لازىم. ئاللاھ ئۇلارنى يۇلتۇزنىڭ ئورنىدا قىلغان. بۇرۇنقى ئۈممەتنىڭ ئۆلىمالىرى ئەڭ ناچار ئىنسانلار ئىدى. ئەڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان مۇسۇلمان ئۆلىمالار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ ئىزباسارلىرى ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىنى

[1] مۇجادىلە سۈرىسى، 11 ـ ئايەت.
[2] تىرمىزى ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[3] تىرمىزى رىۋايىتى.
[4] ئىبنى قەييىم «مىفتاھ دارۇ سائادە» ،1 ـ توم، 392 ـ بەت.

گۈللەندۈرگۈچلەردۇر. قۇرئان كەرىم شۇلار ئارقىلىق مەۋجۇتلۇقنى مۇستەھكەم ساقلاپ تۇرىدۇ، ئۇلارمۇ قۇرئان ئارقىلىق مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ تۇرىدۇ» دېگەن[1].

## ئۆلىمالارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرى

1. ئۆلىمالارنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى ئاللاھنىڭ يولىغا دەۋەت قىلىش، ئىنسانلارنى توغرا يولغا يېتەكلىش، ئۇلارنىڭ قەلبىنى پاكلاش ۋە ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، تىلى بىلەن ھەقىقەتنى سۆزلەش، ئىش-ھەرىكەتلىرى بىلەن ھەقىقەتنى رېئاللىققا چىقىرىش ۋە ھەقىقەت يولىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن جىھاد قىلىشتىن ئىبارەت.

2. ئۆلىمالارنىڭ ۋەزىپىسى پەقەتلا تەبلىغ قىلىش، بايان قىلىپ بېرىش ۋە يول كۆرسىتىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ۋەزىپىسى جەمئىيەتنى ئىلاھىي شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرتىپكە سېلىشتۇر. بۇ ۋەزىپە ئىلاھىي شەرىئەتنى كۈندىلىك ھاياتتا تەتبىقلاش، ھىمايە قىلىش ۋە ھەقىقەتنى باتىلدىن ئۈستۈن قىلىش، ياخشى ئىشلارغا يېتەكلەش ۋە ناچار ئىشلارغا چەكلىمە قويۇش ئاساسىدا بەرپا بولىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ توغرىسىدا: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر تۈركۈم ئادەملەر بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» دېگەن[2].

3. ئۆلىمالار ئىسلامغا زىت بولغان ئىدىيە ئېقىملىرىغا تاقابىل تۇرۇشى كېرەك. ئىسلامنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئەڭ توغرا يېتەكلىيەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى بار ئۆلىمالار، ئاشقۇنلۇق ياكى سۇسلۇق قىلىش نەتىجىسىدە توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىۋاتقان ئېقىملارغا توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلىپ، مىللەت ۋە ئۈممەتنى زۇلۇم، بۇزغۇنچىلىق، رادىكاللىق، دىنسىزلىق ۋە ئەخلاقسىزلىقتىن ھىمايە قىلىدىغان قورغان شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. رەسۇلۇللاھ بۇ توغرىسىدا: «بۇ بىلىم (يەنى قۇرئان-سۈننەت بىلىمى)نى ھەر ئەۋلادتىن ئىشەنچلىك (يەنى تەقۋا ۋە دىيانەتلىك) كىشىلەر كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. ئۇلار بۇ بىلىمدىن ئاشقۇنلارنىڭ خاتا چۈشەنچىلىرىنى، يالغان دەۋاگەرلەرنىڭ دەۋالىرىنى ۋە بىلىمسىز

---

[1] ئىبنى تەيمىيە «بۈيۈك ئىماملارنى ئەيىبلىمەسلىك توغرىسىدا»، 11-بەت.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى، 104-ئايەت.

نادانلارنىڭ خاتا ئىزاھاتلىرىنى يىراقلاشتۇرىدۇ» دېگەن[1].

دېمەك، ئۆلىمالار ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئەقلىنى، توغرا يولىنى، كىملىكىنى، ۋىجدانىنى، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى، ئادالىتىنى، ئەركىنلىكىنى ۋە باشقا ئىجتىمائىي قىممەت ـ قاراشلىرىنى قوغدايدىغان قورغاندۇر. مانا بۇلار ئۆلىمالارنىڭ ۋەزىپىسىدۇر ۋە ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئىلاھىي ئامانەتتۇر.

4. بىلىم ـ مەرىپەتنى يەتكۈزۈش ۋە قانات يايدۇرۇش. قۇرئان كەرىم بۇ توغرىدا: «ئاللاھنىڭ يولىغا ئەڭ ياخشى دەۋەت قىلغان، ئەڭ ياخشى ئىشلارنى ئىشلەپ بارغان ۋە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى جاكارلاپ پەخىرلەنگەن ئادەمدىنمۇ ياخشى ئادەم بارمۇ؟»[2]. رەسۇلۇللاھ: «كىم بىلىم ـ مەرىپەت ئۆگەتسە، مۇئەللىمگە شۇ بىلىم ـ مەرىپەت بىلەن ئەمەل قىلغان ئادەمنىڭ ساۋابىدەك ئوخشاش ساۋاب بولىدۇ» دېگەن[3].

5. ياخشى ئىشلارغا يېتەكلەش، يامان ئىشلاردىن چەكلەش پەرزدۇر. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشىلىقنىڭ ئىپادىسى ۋە غەلبە ـ نۇسرەتكە ئېرىشىشنىڭ سەۋەبىدۇر. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشىلىقى ئىنسانىيەتنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا نامايان بولىدۇ. ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش ۋە يامان ئىشلاردىن چەكلەش ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئىسلاھات ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. ھەرقانداق مۇسۇلمان بۇ ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋەزىپىسىدىن باش تارتالمايدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ھەر بىر مۇسۇلماننى ئىقتىدارى ۋە ئىمكانىيىتى ئىچىدە بۇ مەسئۇلىيەتنى ئىجرا قىلىشقا چاقىرىق قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر مۇسۇلمان مۇسۇلمانلىق خاراكتېرى بىلەن سىياسىي شەخسكە ئايلىنىدۇ. سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئۆلىمالارنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. قۇرئان كەرىم ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئىسلاھات توغرىسىدا: «(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر» دېگەن[4].

6. بىلگەن ھەقىقەتنى يەتكۈزۈشكە سەل قارىماسلىق. چۈنكى قۇرئان كەرىم ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرۇشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان. ئۆلىمالار ئاللاھ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان بىلىم ـ مەرىپەتنى قانداق ئىشلەتكەنلىكىدىن، شۇنداقلا ئۆز جەمئىيىتى ۋە ئىنسانىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىدىن سوراققا تارتىلىدۇ.

---

[1] ئىمام بەيھەقى رىۋايىتى.

[2] فۇسسىلەت سۈرىسى، 33 ـ ئايەت.

[3] ئىبنى ماجە ۋە تەبرانى رىۋايىتى.

[4] ئال ئىمران سۈرىسى، 104 ـ ئايەت.

7. ئۆلىمالارنىڭ ۋەزىپىسى مىللەت ۋە ئۈممەتنى بىرلەشتۈرۈش، تۈرلۈك ئېقىملارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتۇر.

ئۆلىمالارنىڭ دائىملىق ۋەزىپىسى قەلبلەرنى ئىمان بىلەن تىرىلدۈرۈش، مۇسۇلمانلار ھاياتىدا ئۈمدۋارلىق روھىنى تارقىتىش، ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە قارىتا ئىشەنچىنى ئاشۇرۇش، ھەقىقىي ياخشىلىقنىڭ، پەرۋەردىگارنى توغرا تونۇغان بۇ ئۈممەتتە بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەش ۋە بۇ ئۈممەتنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىق تەرەپكە قاراپ چوقۇم ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بايان قىلىش لازىم.

8. ئۈممەتنىڭ كېسەللىگە توغرا دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالىنىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش

ئۈممەتنىڭ كېسەللىرىنى تەكشۈرۈش مۇتەپەككۇر ئۆلىمالارنىڭ ۋەزىپىسى بولسا، ئۇيغىنىش ھەرىكىتى قوزغاش ئىلغار مۇرەببىي ئۆلىمالارنىڭ ۋەزىپىسىدۇر، چۈنكى ۋىجدانىغا ئىگە بولمىغان بىلىم-مەرىپەت ئىگىلىرى بۇ ۋەزىپىگە يارىمايدۇ.

دېمەك، رەببانىي ئۆلىمالارنىڭ ۋەزىپىسى بۈگۈنكىدەك مۇرەككەپ ئىدىيە كىرزىسلىرىگە قارىتا مىللەت ياكى ئۈممەتكە چىقىش يوللىرىنى تېپىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئۆلىمالار مىللەت ياكى ئۈممەتنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن كىلاسسىك شەرىئەت بىلىملىرىدىن سىرت، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى، شەرئى سىياسەت بىلىملىرى ۋە يېڭى دەۋر بىلىملىرىدىن ئۆز ساھەسىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى لازىم.

شۇنداقلا، ئۆلىمالار شەرىئەتنىڭ پىرىنسىپال ئاساسلىرى ۋە ئاساسلىق قىممەت-قاراشلىرىدا چىڭ تۇرۇش چۈشەنچىسى، شەرىئەتنىڭ ئۆزگەرمەيدىغان پىرىنسىپلىرىدا تەۋرەنمەسلىك، ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان ئىجتىھادى مەسىلىلەردە ئەۋرىشىم يول تۇتۇش چۈشەنچىسى، قۇرئان كەرىم بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا يادلاشتىن بەكرەك قۇرئان پىرىنسىپلىرىنى چۈشىنىشكە كۆڭۈل بۆلۈش چۈشەنچىسى، قۇرئاننىڭ ئالىي مەقسەتلىرى چۈشەنچىسى، شەرىئەت چۈشەنچىسى بىلەن ئەمەلىي ھاياتنى بىرلەشتۈرۈش چۈشەنچىسى، پەرز ئىشلارنى سۈننەتنىڭ ئالدىغا قويۇش چۈشەنچىسى، ئاساسلىق مەسىلىنى تارماق مەسىلىدىن ياكى ئىختىلاپسىز مەسىلىلەرنى ئىختىلاپلىق مەسىلىدىن ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويۇش چۈشەنچىسى، مىللەت ياكى ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتىنى، شەخس ياكى بىرەر جامائەتنىڭ مەنپەئەتىنىڭ ئالدىدا قويۇش چۈشەنچىسى، ئىشلارنى شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە باغلاپ بىر تەرەپ قىلىش چۈشەنچىسى، شەرىئەتتىكى مەنپەئەتكە رىئايە قىلىش چۈشەنچىسى، ئىشلارنى ئاقىۋىتىگە باغلاپ بىر تەرەپ قىلىش چۈشەنچىلىرى

قاتارلىــق زۆرۈر چۈشــەنچىلەرگە ئىگــە بولۇشــى كېــرەك.

9. گۈللەنــدۈرۈش خاراكتېرىگــە ئىگــە ئوتتۇرھاللىــق يولىنــى ئاســاس قىلىــپ مېڭىــش

ئىســلام دىنــى بارلىــق ئىنســانىيەت ئۈچــۈن رەھمــەت ۋە ھىدايەتتــۇر، ئىســلام دىنــى چىقىــش يولــى ۋە گۈللىنىــش خەرتىســىدۇر. بــۇ دىــن مۇســۇلمانلاردىن سىــرت بارلىــق ئىنســانىيەت ئۈچۈنمــۇ ھــەل قىلىــش چارىســىدۇر، چۈنكــى بــۇ دىــن بارلىــق ئىنســانلارنى ياراتقــان ئاللاھ تەرىپىدىــن ئىنســانلارغا تاللاپ بېرىلگــەن دىنــدۇر.

بــۇ دىنىنــىڭ گۈزەللىكىنــى ۋە ئۇنىــڭ بارلىــق ئىنســانىيەتنىڭ ســائادىتى ئۈچــۈن كەلگەنلىكىنــى تونۇتــۇش ئۈچــۈن توغــرا چۈشــەنچە، چوڭقــۇر ئىمان، گــۈزەل ئەخلاق، ياخشــى ئىش ـ ھەرىكــەت، پايدىلىــق ئىلىم ـ مەرىپــەت، ياخشــىلىقتا ھەمكارلىشــىش، بىر ـ بىرىگــە كــەڭ قورســاق بولــۇش ئەخلاقىنــى ئۆزىــدە مۇجەسســەملىگەن جانلىق ۋە ئۈلگىلىــك بىــر ئۈممەتكــە موھتــاج.

ئىســلام دىنــى ئەقىــدە، ئىبــادەت، شــەرىئەت، ئەخــلاق، سىياســەت، ئىقتىســاد، ئۇقۇم ـ چۈشــەنچە ۋە ئىجتىمائىــي ئالاقــە ســاھەلىرىدىمۇ ئوتتۇرھاللىقتــا ئىگــە بىــر دىنــدۇر. ئوتتۇرھاللىــق ئىســلامنىڭ بۈيــۈك خۇسۇســىيىتىدۇر، ئوتتۇرھاللىــق ئادالەتتــۇر، توغــرا يولــدۇر ۋە بىرلىشــىش مەركىزىــدۇر.

10. قۇرئــان كەرىمدىكــى ئىســلامنىڭ ئەقىــدە ۋە قىممەت ـ قــاراش ئاساســلىرىنى ئېچىــپ بېرىــش

قۇرئانىنــىڭ بۈيــۈك مەقســەتلىرى ۋە قىممەت ـ قــاراش قۇرۇلمىســى «ئاللاھنــى بىــر دەپ ئېتىقــاد قىلىش(تەۋھىــد)، ئىنســاننىڭ نەپســىنى پاكلىشــى ۋە دۇنيانــى گۈللەنــدۈرۈش» تىــن ئىبــارەت. بــۇ ئــۈچ ئاســاس ئىنســان ئىســتىلىنى توغــرا يولغــا يۈزلەندۈرىدىغــان، ئىنســانىيەت مەدەنىيىتىنــى ماددىي ـ مەنىــۋى جەھەتتىــن تــەڭ قــۇرۇپ چىقىدىغــان ۋە ئىنســانىيەت مەدەنىيىتىگــە ئىلاھــى ۋەھيىنىــڭ ھىدايىتــى بىلەن يــول كۆرســىتىدىغان ئاساســلىق ئۆلچەملەردىــن ئىبــارەت.

## ئۆلىمالارنىڭ ئەخلاقى

ئۆلىمــالار ئــۆزى ۋە باشــقىلارنى ئىســلاھ قىلىــش ئۈچــۈن نىشــانى ئېنىــق بولۇشــى، ھىممىتــى ئۈســتۈن بولۇشــى، قىيىنچىلىق ئالدىــدا بەرداشــلىق بېرىشــى، ھەمكارلىشــىپ پائالىيــەت ئېلىــپ بېرىشــى ۋە كىشــىلەر بىلــەن مۇئامىلــە قىلىشــتا

ئۈلگە بولۇشى لازىم، ھەممىدە پەيغەمبىرىمىز ۋە ساھابىلەرنىڭ ئەخلاقىدەك گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشى كېرەك.

ئىسلام دىنى چاقىرغان ھەر قانداق پەزىلەتلىك ئەخلاق ئۆلىمالارغىمۇ ۋاجىپتۇر، شۇنداقلا، ئىسلام دىنى چەكلىگەن ھەر قانداق ناچار ئەخلاق ئۆلىمالارغا نىسبەتەن تېخىمۇ قەبىھتۇر. چۈنكى يامان ئىشلار كىسەل بولسا، ئۆلىمالار دورىسىدۇر. ئەمما ئۆلىمالاربۇزۇلسا، كېسەلنىڭ دورىسىنى نەدىن تاپقۇلۇق؟

## ئۆلىمالارنىڭ ئەڭ مۇھىم دەپ قارالغان بىر قىسىم سۈپەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئىخلاس. ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىدە سەممىي بولۇش ۋە بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلىشتۇر.

2. بىلىش ۋە ئەمەل قىلىش. ئۆلىمانىڭ سۆزى بىلەن ئىش-ھەرىكىتىنىڭ بىر-بىرىگە زىت بولۇپ قالماسلىقى ئۇنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر. باشقىلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ ئۆزى ئەمەل قىلماسلىق، باشقىلارنى يامان ئىشلاردىن توسۇپ، ئۆزى يامان ئىشلارنى قىلىش، ئۆلىمانىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىشەنچ، ئابرۇيىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

3. قەيسەر بولۇش. ئۆلىمالاردا كەسكىن ھەقىقەتلەرنى ئاشكارا دېيەلەيدىغان ۋە راست سۆزلىيەلەيدىغان قەيسەرلىكنىڭ بولۇشى، ھەممىدە پەقەتلا ھەقىقەتنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشىنى مەقسەت قىلىدىغان غايە تېپىلىشى كېرەك. رەسۇلۇللاھ: «زالىم سۇلتاننىڭ ئالدىدا ھەق گەپ قىلغانلىقنى ئۇلۇغ جىھاتتۇر»[1] دەپ باھا بەرگەن. جەڭ مەيدانىدىكى ئەسكەر كۆپىنچە سالامەت ۋە غەنىمەت بىلەن قايتىپ كېلىشى مۇمكىن، بىراق زالىمغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھەقىقەتنى جاكارلاپ ئىنقىلاپ ئوتى ئاچقان ئىنسان كۆپىنچە ساق قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇش دىنىمىزدا ئەڭ يۇكسەك جىھاد دەپ ھېسابلانغان.

4. سەۋرچان ۋە كەڭ قورساق بولۇش. دەۋەت يولى گۈللەر بىلەن قاپلانغان يول بولماستىن بەلكى تىكەنلىك يولدۇر. ئىلاھى دەۋەت يولىنى تۇتۇپ ماڭغان ئۆلىمالار تۈرلۈك ئىنسانلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۆلىمالار بەزىدە بىر قىسىم تەربىيە كۆرمىگەن ئەخلاقسىزلارنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچراپ قالىدۇ. بەزىدە

[1] نەسەئى رىۋايىتى.

ئۆلىمالارنىڭ مەقسەتلىرىنى چۈشىنەلمىگەن ياكى كۆز ـ قاراشلىرىنى ھەزىم قىلالماي قالغان بىر قىسىم نادانلار قارشى چىقىدۇ. يەنە بەزى بىر قىسىم ئىنسانلار مەخسۇس ئۆلىمالارنىڭ يۈزىنى تۆكۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ توغرا قاراشلىرىدىنمۇ گەپ ـ سۆز تاپىدۇ، دەۋەتكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، مەسخىرە قىلىدۇ، قۇسۇر ئىزدەپلا يۈرىدۇ. ھەسەتخورلار ۋە مەنپەئەتپەرەسلەر ئۆلىمالار ھەققىدە يالغان گەپ ـ سۆزلەرنى توقۇپ چىقىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بازىرىنى چىقىرىشنى كۆزلەيدۇ. بۇ قارانىيەت كىشىلەرنىڭ مەقسىتى ئۆلىمالارنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىنى ئازايتىش ھەم ئۆلىمالار بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋېتىشتۇر.

ئەگەر ئۆلىمالار ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالمىسا، سەلبىي تەسىرگە ئۇچراپ كېتىپ نورمال تەپەككۇر قىلالمايدۇ، ھەمدە ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتا پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەگەر ئۆلىمالار ئۇ قارانىيەتلەرنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلالىسا دەۋەتنى داۋاملاشتۇرالايدۇ؛ جۇشقۇن روھ ۋە خاتىرجەم كۆڭۈل بىلەن قەدەم باسالايدۇ. چۈنكى غەلىبە نۇسرەت ئاخىرقى ھېساپتا سەۋر قىلغۇچىلارغا مەنسۇپتۇر: «ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر»[1]. شۇڭا، سەۋرنى ئۇزۇق، قورال ۋە پاناھگاھ قىلمىغان ئادەملەر پەيغەمبەرنىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭالمايدۇ.

5. رەببانىي (پەرۋىش قىلغۇچى) بولۇش. رەببانىي ئۆلىمالار نۇرلۇق يولتۇزغا ئوخشاش كىشىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئۇلار غايىب بولسا قاراڭغۇلۇق ھەممە يەرنى قاپلايدۇ. رەببانىي ئۆلىمالار ئاللاھتىن ھەققىي رەۋىشتە قورقىدۇ. ئاللاھتىن قورقۇش بىلىم ـ مەرىپەت بولسۇن ياكى باشقا ھەرقانداق بىر ئىش بولسۇن ئۇنىڭ ئاساسىدۇر. چۈنكى ئۆلىما ئاللاھتىن قورققاندا ھەر بىر ئېغىز گەپ ـ سۆزگە ئىگە بولۇپ تۇرۇپ، ھەمدە مەسئۇلىيىتىنى بىلىپ تۇرۇپ سۆزلەيدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ «ئۆلىمالارنى ئاللاھدىن بەك قورقىدۇ»[2] دەپ سۈپەتلىگەن.

6. ئىززەت ـ ئابرۇيىنى قوغداش ۋە كەمتەر بولۇش. ئۆلىمالار پەيغەمبەردىن مىراس ئالغان بىلىم ـ مەرىپىتى بىلەن ئىززەتلىكتۇر، ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى قوغداپ ماڭسا، زالىم ۋە مۇتەكەببىرلارنىڭ ھىيلە ـ

[1] لوقمان سۈرىسى، 17 ـ ئايەت.

[2] فاتىر سۈرىسى، 28 ـ ئايەت.

مىكرلىرى ئۇلارغا زىيان سالالمايدۇ.

كەمتەرلىك سۈپىتى بولسا ئۆلىمالارنىڭ تاجىدۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆزىنى خار تۇتۇشنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى ئۆلىمالارنىڭ ئىنساپلىق بولۇشىنى، بىلگەن بىلىم-مەرىپىتى دائىرىسىدە توختىشىنى ۋە ئۆز كەسپى بولمىغان ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. كەمتەر ئۆلىما - قانچە كاتتا بولسىمۇ - ئۆزىنىڭ ئىلمىنىڭ ئازلىقىنى بىلىدۇ. ئۆزىنى تونۇغان ئۆلىما باشقىلارنىڭ قەدرىنى تونۇيدۇ، ئۇلارغا چوڭچىلىق قىلمايدۇ ۋە بىلىم سەۋىيىسى بىلەن مەغرۇرلىنىپ كەتمەيدۇ.

كەمتەر بولۇش ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرىنى بىلگەنلىكتىن، شۇنداقلا ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ نۇقسان تەرەپلىرىنى تونۇغانلىقتىن كېلىپ چىققان گۈزەل ئەخلاقتۇر.

7. ئۈمىدۋار بولۇش ۋە ئاللاھنىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلاش. ئۆلىمالاردا تېپىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم سۈپەتلەرنىڭ بىرى يۈكسەك ئۈمىدۋارلىقتۇر. شۇڭا ئاللاھنىڭ كۈچىگە ئىسلىغان ئۆلىمالاردا تەۋرەنمەس كۈچ-قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ. ئۆلىمالاردا ئۈمىدسىزلىك كۆرۈلسە، جەمئىيەتتە بۇ خىل كەيپىيات تېخىمۇ ئەۋج ئالىدۇ، قايسىبىر جەمئىيەتتە ئۈمىدسىزلىك پەيدا بولسا، ئۇ جەمئىيەت ئىسلام كۆرسەتمىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا باشلايدۇ.

ئۈمىدسىزلىككە غالىب كېلىشنىڭ چارىسى ئاللاھ بىلەن مۇناسىۋەتنى كۈچلەندۈرۈش، پەيغەمبەرلەرنىڭ بولۇپمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش-ئىزلىرىغا تەكرار قاراپ چىقىش، ئۈمىدسىزلىكنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ سۈپىتى ئەمەسلىكىگە ئىشەنچ قىلىش، ئىسلام تارىخىنىڭ تۈنۈگۈنكى ۋە بۈگۈنكى ئەھۋالىغا توغرا نەزەر يۈرگۈزۈش، ئىسلامنىڭ ئۈزلۈكسىز تارقىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئويلىنىش، ھەممەتلىك بولۇش ۋە ئاللاھنىڭ ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلىرىگە رىئايە قىلىش لازىم.

—— ئاپتور: «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» ئىسلام تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى

بۇ ماقالىنىڭ مۇھەررىرى: ئابدۇرېھىم دۆلەت

# ئىختىلاپ ۋە ئۇنىڭ ئەدەبلىرى

ئابدۇكېرىم ھۈسەيىن

دىنىمىزدا مۇسۇلمانلىقتىن قالسىلا ئەڭ ئەھمىيەت بېرىلگەن نۇقتا ئۈممەتنىڭ بىرلىكىدۇر. ئىسلام مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئارىغا سوغۇقچىلىق سالىدىغان، قېرىنداشلىق تۇيغۇلىرىنى زېدىلەيدىغان بارلىق ئىش-ھەرىكەتلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ ماڭغان. شۇنداقلا ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى مۇسۇلمانلار ئېڭىغا يەرلەشتۈرگەندىن كېيىن قىلىنغان تۇنجى ئىش سۆز بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بولغان. بۇ يادرولۇق سەۋەب ئىسلام دىنىنى كىچىككىنە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىشقا، قەلبلەرنى ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتۇپ ئىنسانلارنى بەخت-سائادەت تەمىنى تېتىشقا مۇيەسسەر قىلغان.

يېقىندىن بېرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىختىلاپ سۆزى ناھايىتى كۆپ تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ. تۈرلۈك سورۇن، مۇنبەر ياكى ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرىدا ئىختىلاپ قىلىشماسلىق ھەققىدىكى تۈرلۈك شوئار، تەۋسىيە، چاقىرىقلارنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇ چاقىرىقلار توغرا بولسىمۇ، ئەمما ھەر كىمنىڭ ئېڭىدىكى ئىنتىپاقلىشىش، ئىختىلاپ قىلىشماسلىق ئۆلچىمى پەرقلىق بولغانلىقتىن، ئىنتىپاقلىشىش ئەمەلگە ئاشمايلا قالماستىن، ئارىدىكى ئىختىلاپ تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتقان ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇ ئەھۋاللار ئىختىلاپنىڭ مەلۇم ئۆلچەم ياكى ئەخلاقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەقەززا قىلماقتا.

مەزكۇر ماقالە ئىختىلاپ ئۇقۇمىغا ئىسلامىي نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ ئېنىقلىما بېرىش بىلەن بىرگە، قانداق قىلغاندا ئاللاھ تائالانىڭ: )ئىختىلاپ قىلىشماڭلار،

بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىششتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ»[1] دېگەن ئايىتىگە تولۇق ئەمەل قىلغان ھالدا ئىختىلاپنى ئەدەب ـ قائىدىسى بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا ئىختىلاپ، يەنى پەرقلىق پىكىرلەرنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىجابىي نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

## ئىختىلاپ ئۇقۇمىغا ئېنىقلىما

ئىختىلاپ كەلىمىسى سۆز ئىستىمالىمىزغا ئەرەبچىدىن كىرگەن «اختلف، يختلف، اختلافا»دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىشنىڭ ئەكسىچە سۆز ۋە ھەرىكەتتە باشقىلارغا قارشى يول تۇتۇشنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىگە قارايدىغان بولساق ئىختىلاپنىڭ قارىمۇ ـ قارشىلىق، كېلىشمەسلىك، زىددىيەت، نىزا، ئىختىلاپ تۇغۇلماق ياكى پەيدا بولماق دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز.

جۇرجانىي ئۆزىنىڭ «تەئرىفات» ناملىق ئەسىرىدە ئىختىلاپنى ھەقىقەتنى تەكشۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇش ياكى باتىلنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپ ئارىسىدا شەكىللەنگەن تالاش ـ تارتىش، دەپ تونۇشتۇرغان. يەنە بىر قىسىم ئالىملار «ئىختىلاپ» سۆزى دەلىلگە تايانغان ھالەتتىكى قارشىلىقنى بىلدۈرسە، دەلىلگە تايانمىغان قارىغۇلارچە ھالەتتىكى قارشىلىق «خىلاف» سۆزى بىلەن ئىپادىلىنىپ خىلاپلىق قىلىش، ئۆكتە قوپۇش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، دەپ ئېنىقلىما بەرگەن. ئىختىلاپ بىلەن خىلاپلىق قىلىش ئوخشاش مەنە بىلدۈرىدۇ، دەپ قارىغان ئالىملارمۇ بولغان.

تىل، ئېرق، رەڭلىرىمىزنىڭ پەرقلىق بولۇشى ئاللاھنىڭ مۆجىزىسى بولغانىدەك، ئەقىل ـ ئىدراك ۋە ئۇنىڭ سەمەرىسى بولمىش پىكىر، كۆز ـ قاراشلىرىمىزنىڭ پەرقلىق بولۇشىمۇ، ئاللاھنىڭ قۇدرەت ـ مۆجىزىلىرىنىڭ نىشانىدۇر. بارلىق ئىنسانلار بىر قېلىپتا قۇيغانىدەك پەرقسىز يارىتىلغان بولسا، كائىناتنى گۈللەندۈرۈش، مەۋجۇداتلارنى ياشنىتىش غايىسى ئىشقا ئاشمىغان بولاتتى. بۇ ھېكمەت سەۋەبىدىن ئاللاھ تائالا ھەربىر ئىنسانغا مەلۇم ئارتۇقچىلىق ۋە قابىلىيەت ئاتا قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئاللاھ تائالا پەرقلىق ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلغان بولغاچقا، ئىنسانلار ئارىسىدىكى كۆز ـ

[1] ئەنفال سۈرىسى: 46 ـ ئايەت.

قاراشلارنىڭ ئوخشىماسلىقى تەبىئىي. بۇ نۇقتىدىن ئىسلام دىنىمىز ئۇممەت بىرلىكىنى زىيانغا ئۇچراتمايدىغان بارلىق ئىختىلاپلارنى ئۆز قوينىغا ئالىدۇ. مۇھىم بولغىنى پىرىنسىپال مەسىلىلەر ۋە ئاساسىي قائىدىلەردە بىرلىككە كېلىش ۋە تەسەۋۋۇرلارنىڭ بىر نۇقتىدا ئۇچرىشىشى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا تارماق مەسىلىلەردە يۇقىرىقىلارغا زىت بولمىسىلا ئەدەب ـ قائىدە ئىچىدە بولغان ئىختىلاپتا مەسىلە يوق. شۇنداق ئېيتالايمىزكى، چېكىدىن ئاشمىغان، ئەدەپ ـ قائىدە دائىرىسىدە بولغان ئىختىلاپ پايدىلىق ۋە ئىجابىي ھادىسىدۇر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى ئىختىلاپ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر زامانىدا دەۋرىمىزدىكىدەك ئىختىلاپ بولمىغان. چۈنكى ساھابىلەر ھەرقانداق بىر مەسىلىگە دۇچ كەلسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، قىيىنچىلىقلىرىغا چارە ـ تەدبىر قىلاتتى ۋە توغرا يولنى كۆرسىتەتتى. ئىختىلاپ بار دېيىلسە، ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىش ئىمكانىيىتى بولمىغان يىراق جايلاردا ئۇچرىغان مەسىلىلىرى مەۋجۇد بولۇپ، ئۇلار ئايەت ـ ھەدىسلەرگە قۇدرىتى يەتكەن چۈشەنچىسى بويىچە ئەمەل قىلغان ياكى دەلىل تېپىلمىغاندا ئىجتىھاد قىلغان. مەدىنىگە قايتقاندىن كېيىن مەزكۇر مەسىلىنى ۋە ئۇنىڭغا قارىتا تۇتقان مۇئامىلىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا نىسبەتەن قوللاش ياكى ئىنكار پوزىتسىيىسىنى تۇتقان. قوللاش پوزىتسىيىسىدە بولغانلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەستىقلىغان سۈننەتلىرى قاتارىدىن بولغان بولسا، ئىنكار پوزىتسىيىسىدە بولغانلىرىغا نىسبەتەن توغرا ھۆكۈمنى بايان قىلىپ بەرگەن ۋە كۆرسەتمە سۈننەتلىرى قاتارىدىن بولغان.

ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن زاتۇسسالاسىل غازىتىدا، سوغۇق بىر كېچىدە ئېھتىلام بولۇپ قالدىم، غۇسۇل قىلسام ئۆلۈپ كېتىشىمدىن ئەنسىرەپ تەيەممۇم قىلىپ ھەمراھلىرىمغا ئىمام بولۇپ بامدات نامىزىنى ئوقۇدۇم، ئۇلار بۇ ئىشنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە يەتكۈزگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن: ئى ئەمر! سەن جۇنۇپ ھالەتتە ھەمراھلىرىڭغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇدۇڭمۇ؟ دەپ سورىدى، مەن غۇسۇل قىلىشقا توسالغۇ بولغان سەۋەبنى دەپ بەردىم ۋە ئاللاھ تائالانىڭ: «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ چوقۇم سىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلغۇچىدۇر»[1]

[1] نىسا سۈرىسى: 29 ـ ئايەت.

دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزۈمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە بىر نەرسە دېمىدى»[1].

ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىملار رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، ئەھزاب غازىتى كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەنى قۇرەيزەگە بارماي تۇرۇپ ھېچكىم ئەسىر نامىزى ئوقۇمىسۇن» دېدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يولدىكى ۋاقىتتا ئەسىر ۋاقتى بولۇپ قالدى. بەزىلەر: «بەنى قۇرەيزە (دائىرىسى)گە كەلمىگۈچە ناماز ئوقۇمايمىز» دېگەن بولسا، يەنە بەزىلەر: «ئوقۇيمىز» دېدى. ئارىمىزدا ھېچكىم ئۇنىڭغا رەددىيە بەرمىدى. ئۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىلغاندا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئەيىبلىمىدى[2].

يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن ئايان بولغىنىدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچقاچان ئىجتىھاد قىلغۇچىنىڭ ئىجتىھادىنى ئەيىبلىمىگەن ۋە دەلىل بولمىغان شارائىتتا ئىجتىھاد قىلىشقا، شەرىئەت مەقسەتلىرىگە زىت بولمىغان ئىجتىھادلار ئارقىلىق دۇنيالىق مەنپەئەتنى قوغداشقا بۇيرۇغان. بۇ تۈردىكى ئىختىلاپلار دەلىللەر كۆرسىتىدىغان بارلىق ئېھتىماللىقلار بىلەن تونۇشۇش، پىكىر غىدىقلاش، تۈرلۈك پەرەزلەرگە يول ئېچىش، بىر مەسىلىگە نىسبەتەن بىر قانچە ھەل قىلىش چارىسى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق دىننىڭ ئاسان ۋە رىئاللىققا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان. ئىككىنچى ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا قارايدىغان بولساق، ساھابىلەر ھەدىستىن ئىككى خىل چۈشەنچە ئېلىپ، بىر قىسمى ھەدىسنىڭ زاھىرىي مەنىسىگە ئەمەل قىلىپ بەنى قۇرەيزەگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئەسىر نامىزى ئوقۇغان بولسا، يەنە بىر قىسمى ھەدىس ئىپادىلىمەكچى بولغان تېز بېرىشتىن ئىبارەت ئىچكى مەنىگە ئەمەل قىلىپ، ۋاقتىدا بىرىپ بولالماي يولدا ناماز ۋاقتى كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئەسىر نامىزىنى ئوقۇۋالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنى ئىنكار قىلمىغان.

## ساھابىلەر ۋە سەلەپ-سالىھلار دەۋرىدىكى ئىختىلاپ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، نۇرغۇن زېمىنلار دارۇل ئىسلام چېگرىسى ئىچىگە قېتىلىشقا مۇشەررەپ بولدى. ساھابىلەر فەتىھ، دىننى يەتكۈزۈش ۋە تارقىتىش يولىدا پەرقلىق ئىقلىم ۋە يۇرتلارغا سەپەر قىلىپ شۇ يەرلەردە تۇرۇپ قالدى. مەككە ۋە مەدىنىدىكى شارائىت ۋە ئۆرپ-ئادەتلەر

[1] «مۇسنەد ئىمام ئەھمەد» 17845-نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] «سەھىھ بۇخارى» 946-نومۇرلۇق ھەدىس/ «سەھىھ مۇسلىم» 69 ۋە1770-نومۇرلۇق ھەدىسلەر.

بىلەن ئۇ ئىقلىملاردىكى شەرت ـ شارائىت ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئوخشىمايتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار پرىنسىپال ۋە ئاساسىي مەسىلىلەر، شۇنداقلا دەلىلى ئېنىق بولغان مەسىلىلەردە ئۆزگىرىش قىلمىغان بولسىمۇ، يولۇققان يېڭى مەسىلىلەرگە نىسبەتەن قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھى ۋە مەۋجۇت مەسىلىلەرنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ يېتىشىچە، قۇرئان ۋە سۈننەتتە بېكىتىلگەن چەكتىن ھالقىمىغان ئاساستا، ئىجتىھاد قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئىجتىھادىي ھەرىكەتلەر فىقھىي مەزھەپلىرىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ تۈنجى ئاساسلىرى ئىدى. بۇلار دەسلەپتە مەدىنە مەدرەسەسى، مەككە مەدرەسەسى، بەسرە مەدرەسەسى، كۇفە مەدرەسەسى ۋە شام مەدرەسەسى دېگەن ناملار بىلەن ئاتالدى، ئارقىدىن ھەممىگە مەشھۇر فىقھىي مەزھەپلەر شەكىللەندى. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئۇلار پرىنسىپال ۋە ئاساسىي مەسىلە ھېسابلانغان ئەقىدە ـ ئېتىقاد مەسىلىلىرىدە ۋە كۆپ قىسىم فىقھىي مەسىلىلەردە بىردەك قاراشتا بولۇپ، بەزى تارماق فىقھىي مەسىلىلىرىدە پەرقلىق قاراشلاردا بولغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۈنىمىزدىكىدەك بىر ـ بىرىنى ئەيىبلەيدىغان، ئازغۇنغا چىقىرىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمىگەن. ئەكسىچە مەشھۇر فىقھىي مەزھەپ ئىماملىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ھۆرمەت ـ ئېھتىرامى ۋە ئىززەت ـ تەۋازۇسى تارىخ بەتلىرىنى تۆۋەندىكى ئالتۇن قۇرلار بىلەن ھەللىگەن:

قازى ئىيازنىڭ رىۋايىتىدە، مىسىرلىق كاتتا ئىمام لەيس ئىبنى سەئد مۇنداق دەيدۇ: مەدىنىدە ئىمام مالىككە ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا: پېشانەڭدىكى تەرنى سۈرتۈۋاتقىنىڭنى كۆرۈۋاتىمەنغۇ؟ دېدىم، ئۇ: ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بىلەن تەرلەشتۇق، ئۇ ھەقىقەتەن بىر فەقىھ، ئەي مىسىرلىق! دېدى. ئارقىدىن ئىمام ئەبۇ ھەنىفەگە ئۇچرىشىپ: ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرى نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە! دېدىم، ئۇ زات: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! راستچىللىق ۋە مۇكەممەل باھالاشتا ئۇنىڭدىنمۇ ھازىر جاۋاب بىرىگە ئۇچرىشىپ باقمىدىم، دەپ ئىمام مالىكنى تەرىپلىدى[1].

ئىمام شافىئىي ئىمام مالىك ھەققىدە: «ئىمام مالىكتىن بىر ھەدىس كەلسە قوللىرىڭنى باغلاپ تۇرغىن، ناۋادا ئەسەر كەلسە ئۇ بىر يۇلتۇزدۇر. مالىك ئىبنى ئەنەس مېنىڭ مۇئەللىمىم، بىز ئىلىمنى ئۇنىڭدىن ئالدۇق»[2] دېگەن.

يۇنۇس سەدەفىي ئىمام شافىئىي ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «شافىئىيدىنمۇ ئاقىل بىرىنى كۆرۈپ باقمىدىم. بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن بىر مەسىلە

[1] «الانتقاء في فضائل الأئمة الثلاثة الفقهاء» 16 ـ بەت.

[2] «عمدة القاري» 1 ـ جىلد، 149 ـ بەت/ «ترتيب المدارك» 3 ـ جىلد، 179 ـ بەت.

ھەققىدە مۇنازىرىلىشىپ قالىدۇق ۋە ئايرىلىپ كەتتۇق. ئۇ مېنى ئۇچرىتىپ قولۇمنى تۇتتى ۋە ئەي ئەبۇ مۇسا! مەسىلىدە بىرلىككە كېلەلمىگەن بولساقمۇ، قېرىنداشلىقىمىز ئۆز يولىدا داۋام قىلىۋېرىدىغۇ؟! دېدى»[1]. بۇ ۋەقەدىن ئىمام شافىئىينىڭ قېرىنداشلىقنى ئىختىلاپتىن ئۈستۈن كۆرىدىغانلىقى، شەخس بىلەن مەسىلىنى ئارىلاشتۇرىۋالمايدىغان پرىنسىپىنى بىلىۋالالايمىز.

ئىمام شافىئىي ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ھەققىدە: «بارلىق ئىنسانلار فىقھىدا ئەبۇ ھەنىفەگە مۇھتاجدۇر»[2] دېگەن بولسا، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئىمام شافىئىي ھەققىدە: «ئاللاھ تائالا ئىمام شافىئىيدا بارلىق ياخشىلىقلارنى جەملىگەن»[3] دېگەن.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ ئېنىق بولىدۇكى، ساھابىلەر ۋە سەلەپ-سالىھلار ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە ئىختىلاپتىن ساقلانغان. ئىختىلاپ پەيدا بولۇشتىن ساقلىنالمىغاندا بولسا، ھازىرقىدەك ئاق تاغلىق-قارا تاغلىق بولۇپ، بىر-بىرىنى ئازغۇنغا چىقىرىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمىگەن. چۈنكى ئۇلار ئىختىلاپنىڭ قانداق قىلىنىدىغانلىقىنى، قايسى چەكتە توختىتىلىدىغانلىقىنى، مەسىلىلەرگە ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ تەقۋادارلىقى ھاۋايى-ھەۋەس، ئۆزمەيتۈنلۈق، تەمەننا، كىبىر، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق قاتارلىق ناچار خۇلقلارنىڭ شەكىللىنىشىگە يول قويمىغان ۋە ئۆزىنى ھەردائىم تەكشۈرۈپ، ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرغان. ئەمما بىز ئىلىم-مەرىپەتكە ئېرىشكەن بولساقمۇ، ئۇنىڭ ئەخلاقىدىن ئايرىلىپ قالدۇق؛ ۋاسىتىگە ئېرىشتۇق، غايە-نىشاننى يوقۇتۇپ قويدۇق؛ ئىختىلاپلىشىشنى ئۆگەندۇق، ئەمما ئۇنىڭ ئەدەب-ئەخلاقىنى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى يوقۇتۇپ قويدۇق.

## ئىختىلاپ ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈش

تارىخىمىزنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ئىختىلاپ ھەققىدە ناھايىتى گۈزەل ئىبارىلەر ۋە نەزەرىيەلەرنى، سەلەپ-سالىھلارنىڭ بۇ نەزەرىيەلەرنى مۇكەممەل شەكىلدە ھاياتىغا تەدبىقلىغانلىقىنى، نەتىجىدە ئىتتىپاقلىقنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئىختىلاپلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئەخلاقى شۇ قەدەر

---

[1] « تاريخ دمشق» 51-جىلد، 302-بەت.

[2] «الجواهر المضية في طبقات الحنفية» 1- جىلد، 456- بەت.

[3] «المجموع» 1- جىلد، 40- بەت.

مۇھىمكى، ئۇ بىر ھاكىم، يولباشچى، رەھبەر ئۈچۈن قول ئاستىدىكى پەرقلىق پىكىر ئىگىلىرىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش ھېسابلانسا، بىر ئالىم ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش، جامائەتنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش، ئۇلارغا ئادىل مۇئامىلىدە بولۇش، سوئال ۋە ئېتىرازلىرىغا ياخشى گۇمان بىلەن مۇئامىلە قىلىش ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا بىر ئاتا ئۈچۈن باللىرىنىڭ سۆزلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ، ئۇلارغا ماس تەربىيە قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى دىنىمىزنىڭ تەشەببۇسى ۋە كۆرسەتمىلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: )ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ[1]». «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ[2]». يىغىپ ئېيتقاندا، تۈرلۈك ـ تۈمەن رەڭلەر، پەرقلەر بىلەن تولغان بۇ ھاياتىمىزدا ئىختىلاپ ئەخلاقىغا قەدەممۇ قەدەم بىر ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرىمىز.

يۇقىرىدا ئىختىلاپ ئۇقۇمى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقتۇق. شۇ ئېنىقكى، بىرلىك ۋە ئىختىلاپ قىلىشماسلىق بىرلەمچى ئورۇندا تۇرىدۇ. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس ـ شەرىپلەردىكى ئىتتىپاقلىق ۋە ئىختىلاپ قىلىشماسلىق ھەققىدىكى نۇرغۇن ئايەت ۋە ھەدىسلەر بۇنىڭغا شاھىد بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئەمدى ئىختىلاپ يۈز بېرىپ قالسا، ئۇنى توغرا ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆزىمىزدە ھازىر قىلىشقا تېگىشلىك ئەخلاق ۋە ئۆلچەملەر قايسى؟ دېگەن ھەقتە توختىلىمىز.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال يوللۇق ۋە يولسىز ئىختىلاپنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق بولغاندا مەسىلىنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقا ئەرزىيدىغان ياكى ئەرزىمەيدىغانلىقىنى بىلىۋالىمىز ـ دە، ئەرزىمەيدىغانلارغا نىسبەتەن ئاللاھ تائالانىڭ: )نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ)[3] دېگەن سۆزىنىڭ روھى بويىچە ۋاقىت ۋە زېھىن ئىسراپچىلىقىدىن

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 15 ـ ئايەت.

[2] نەھل سۈرىسى: 125 ـ ئايەت.

[3] فۇرقان سۈرىسى: 63 ـ ئايەت.

ساقلىنىپ قالالايمىز.

### ئىختىلاپ ئۆلچىمى ۋە ئەخلاقى

ئىختىلاپتا تۆۋەندىكى ئىككى شەرت تېپىلغاندا يوللۇق ئىشقا ئايلىنىدۇ:

1. ئىختىلاپ قىلىشقۇچى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھۆججەت قىلىشقا يارايدىغان دەلىلى بولۇش.

دەلىلى يوق ھەرقانداق نەرسە نەزەردىن ساقىت قىلىنىدۇ ۋە ئەسلا ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

2. قارشى مەزھەپنى تۇتۇش باتىلغا ياكى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشقا ئېلىپ بارماسلىقى كېرەك.

ناۋادا شۇنداق بولسا، مەزكۇر ئىش باشتىنلا باتىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ ۋە ھېچكىمنىڭ ئۇنى سۆزلەش ھەققى بولمايدۇ.

بۇ ئىككى شەرت تېپىلغان ئىختىلاپ ئەقلىي ۋە ئىجتىھادىي نەزەرىيەنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، كۆپىنچە ھالدا سەۋەبلىرى ئوبيېكتىپ ۋە ئىلمىي بولىدۇ[1].

يۇقىرىقى شەرتلەر تېپىلغان ئىختىلاپ يوللۇق ئىختىلاپ ھېسابلىنىپ، ئىختىلاپ ئەخلاقى بويىچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ ۋە ئىختىلاپتىن كېلىپ چىقىدىغان زىياننى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش ئۈچۈن، تەرەپلەر تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. تارىخلار مابەينىدە ئالىملىرىمىز تەكىتلەپ كېلىۋاتقان ئىختىلاپ ئەخلاقىنى تۆۋەندىكى تۇرلەرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

## 1. ئىختىلاپنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىسلام مەنبەلىرىنى ئۆلچەم قىلىش

بىز مۇسۇلمانلار ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى سورۇشتۇرىمىز. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدىكى ھەقىقەت ۋە ئۆلچەم ئاللاھنىڭ كالامى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدۇر. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ مۇئامىلە قىلمايمىز.

[1] تاھا جابىر ئەلۋانىنىڭ «أدب الاختلاف في الإسلام» ناملىق ئەسىرى، 106-بەت.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە كۆرسەتمە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: )ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر[1].

## 2. ئىختىلاپ قىلىشقۇچى ئىككى تەرەپ ئۆزئارا تاپا-تەنە، مالامەت قىلىشماسلىق

ھېچكىم ئۆزىنى قارشى تەرەپتىن ئىماندا راستچىل، ئىلىمدە چوڭقۇر، ئەقىلدە كۈچلۈك دەپ ئېيتالمايدۇ، كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىلىرى ۋەھيي ئەمەس. مەلۇم ھەرىكەت ياكى فىقھىي مەدرەسەسىگە مۇراجىئەت قىلىشقا ۋە تەۋەلىك بىلدۈرۈشكە بولىسمۇ، ئەمما ئۇلار ئىسلامنىڭ ئۆزى ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر قوشۇن ياكى يۈرۈشكە بىرىنى باشلىق قىلسا، ئۇنىڭغا تەقۋادارلىقنى، بىللە ماڭغان مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلاتتى. ئارقىدىن مۇنداق دەيتتى: «(مەلۇم) سېپىل ئەھلىنى مۇھاسىرىگە ئالساڭ، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ئەھدىسىنى بېرىشىڭنى ئىرادە قىلسا، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلىنىڭ ئەھدىسىنى بەرمەي ئۆزۈڭنىڭ ۋە ھەمراھلىرىڭنىڭ ئەھدىسىنى بەرگىن. چۈنكى ئۆزۈڭلار ۋە ھەمراھلىرىڭلارنىڭ ئەھدىسىنى بۇزۇشۇڭلار ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلىنىڭ ئەھدىسىنى بۇزۇشتىن ئاساندۇر. (مەلۇم) سېپىل ئەھلىنى مۇھاسىرىگە ئالغىنىڭدا ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە چۈشۈرۈشۈڭنى ئىرادە قىلسا، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە چۈشۈرمەي، ئۆزۈڭنىڭ ھۆكمىگە چۈشۈرگىن. چۈنكى سەن ئۇلار ھەققىدە ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى توغرا بەردىڭمۇ-بەرمىدىڭمۇ بىلمەيسەن»[2].

يۇقىرىقى ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قوشۇنغا قوماندان قىلىپ تاللىغان كىشىلىرىگە: «كىشىلەرنى ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ھۆكمىگە چۈشۈرمىگىن. چۈنكى، ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلىنىڭ ھۆكمىنى توغرا بېرەلىدىڭمۇ-بېرەلمىدىڭمۇ بىلمەيسەن» دەۋاتىدۇ. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى تاللىغان ساھابىلىرىگە شۇنداق دەۋاتقان يەردە، ئىجتىھادىي مەسىلىلەرگە نىسبەتەن قارشى تەرەپنى قارىلاش، تاپا-تەنە، مالامەت قىلىش ئەخلاقسىزلىق. بۇ ھەقتە ئىمام

[1] نىسا سۈرىسى: 59-ئايەت.

[2] مۇسلىم سۈرىسى: 1731-ھەدىس.

شافىئىينىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى بىزگە كۆرسەتمە بولالايدۇ: «سۆزۈم توغرىدۇر، خاتالىق ئېھتىمالى باردۇر. ماڭا مۇخالىپلارنىڭ سۆزى خاتادۇر، توغرىلىق ئېھتىمالى باردۇر».

## 3. ئىنساپلىق بولۇش

ئىنساپ پەقەت ئىختىلاپ ئەخلاقىدىلا تەلەپ قىلىنمايدۇ. ئۇ باشقىلارنى ئۆز ئورنىغا قويۇپ مۇئامىلە قىلىشنى تەقەززا قىلىدىغان ئېسىل ئەخلاق بولۇپ، ئىنساپ ئۇ بىر زۆرۈرىيەت. ئىنساپ تۆۋەندىكىلەر ئارقىلىق ھاياتقا تەتبىقلىنىدۇ ۋە ئۆلچىنىدۇ:

1) پاكىت بىلەن بېكىتىلگەن ھۆكۈم پاكىت ئارقىلىق بىكار قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئىسلام ئاساسلىرى ئۇنىڭدا ئىسپاتلانغان بىر كىشىنى ئىسلامدىن چىقىرىش ۋە ئۇنىڭ كاپىرلىقىغا ھۆكۈم بېرىش ئېنىق پاكىت بولغاندىلا مۇمكىن بولىدۇ. ئادىللىق، گۇناھسىزلىق، ياخشىلىق قاتارلىق ھەق ـ ھوقۇقلار ئېنىق پاكىت بولمىسا تارتىۋېلىنمايدۇ.

2) ئىمانى بار دەپ ھۆكۈم قىلىپ خاتالىشىش، كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىپ خاتالىشىشتىن يېنىكتۇر. مەسىلەن:

بىراۋنى تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ، ھەتتا مۇناپىقلار قاتارىدا بولغان تەقدىردىمۇ، مۇسۇلمان دەپ ھۆكۈم قىلىشىڭىز، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس كىشىنى ئالدىراقسانلىق بىلەن ھۆكۈم قىلىش ياكى كاپىرغا چىقىرىشتىن ياخشى. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىراۋ بىر كىشىنى كاپىر دېسە، ياكى «ئاللاھنىڭ دۈشمىنى» دېسە، ئۇ كىشى ئۇنداق بولماي قالسا، (دېگەن سۆزى) ئۇنىڭ ئۆزىگە قايتىدۇ»[1] دېگەن ھەدىستىكى سۈپەتلەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

3) ئىجتىھاد مەسىلىلىرىدە بىر ـ بىرىنى تاشلاشماسلىق ۋە گۇناھكار دەپ قارىماسلىق:

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئەھلى سۈننە مەزھىپىدىكىلەر (ئاساس ۋە تارماقنى ئايرىماستىن) بارلىق مەسىلىلەردە ئىجتىھاد قىلغانلارنى گۇناھكار دەپ قارىمايدۇ. ئاللاھنىڭ مۇرادىنى بىلىشكە بىلىم ـ قۇدرىتى يەتكەن كىشى شۇ ئىشنىڭ ئەھلىدۇر، بۇ ئىجتىھادى ئارقىلىق گۇناھكار

[1] مۇسلىم: 61 ـ ھەدىس.

بولمايدۇ، بەلكى بىر ياكى ئىككى ئەجىر ئارىسىدا بولىدۇ. ئىجتىهاد مەسىلىلىرىدە گۇناھكار بولۇش، مۇئمىنلەر ئارىسىدا تاشلىنىش بولمايدۇ»[1].

4) مەلۇم شەخسنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ كاپىر دېيىش ياكى لەنەتلەشتىن ساقلىنىش. مەسىلەن:

ئىمام ئەھمەد جەھمىيلەرنىڭ سۆزلىرىنى كۇپرىغا نىسبەت بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەئمۇن بولسۇن ياكى باشقىلىرى بولسۇن ھېچقايسىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ كاپىرغا چىقارمىغان.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بەزى كىشىلەر ھارام يېيىشتىن، ھاراق ئىچىشتىن، ئۇيياتسىزلىقلارغا قاراشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ-يۇ، باشقىلارنىڭ يۈز-ئابرۇيىغا چېقىلىش، ئۇلار ھەققىدە-ئۆلۈك بولسۇن تىرىك بولسۇن-توغرا بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىشتىن ئۆزىنى تارتالمايدۇ.

قارشى تەرەپ پاسىق، كاپىر ۋە بىدئەتچى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ھەق ۋە توغرا تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىش ئىنساپ جۈملىسىدىندۇر. ئۆلىمالاردىن بىرى مۇنداق دېگەن: «رەقىبىگە ئېتىراز بىلدۈرۈشتە ئىنساپ قىلمىغانلارنىڭ بايانى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئىسپاتى يورۇتۇلمايدۇ»[2].

5) دىنىي مەسىلە ياكى باشقا ھەرقانداق مەسىلىدە ئىختىلاپ يۈز بەرگەندە شۇ ساھەنىڭ ئالىملىرىغا مۇراجىئەت قىلىش، ئۇلاردىن مەسلىھەت سوراش، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن مەسىلىگە قول تىقماسلىق ۋە پەتىۋا بەرمەسلىكمۇ ئىنساپ ۋە ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى، دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك ئۆزىنى بىلمەسلىك، بىلمىگەن ئىشقا ئارىلىشىۋېلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ: «ئىش ئۆز ئەھلىدىن باشقىلارغا تاپشۇرۇلغاندا قىيامەتنى كۈتكىن»[3].

## 4. سەۋرچانلىق، دوستانىلىق ۋە پەم-پاراسەت ئۇسلۇبىنى قوللىنىش، ئېغىرچىلىقلارنى كۆتۈرۈش ۋە يامانلىققا ياخشىلىق ئارقىلىق جاۋاب بېرىش

ئىختىلاپ ۋە مۇنازىرىلەردە ياخشى سۆز قىلىش، راستچىللىق، ئادىللىق، دوستانىلىق، سۆز ۋە ھەرىكەتتە ياخشىلىق قىلىش قاتارلىقلار ئاداۋەتلەرنى يۇيۇپ قەلبلەرنى يېقىنلاشتۇرىدىغان ئېسىل ئەڭگۈشتەر ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ)

[1] «مجموع الفتاوى» 13-جىلد، 125-بەت.

[2] «نكت القرآن» 2-جىلد، 113-بەت.

[3] «سەھىھ بۇخارى» 59-ھەدىس.

سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋرچانلىقى، رەھىمدىللىكى، مۇلايىملىقى بىلەن دىنغا دۈشمەنلىك قىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلغان. بۇ ئۇسلۇب سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ قېتىپ كەتكەن قەلبلىرى يۇمشاپ، ھەق تائالانىڭ كالامىغا قەلبىنى ئاچقان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىزنى تەرىپلەپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى»[2].

## 5. مۇتەئەسسىپلىك قىلماسلىق

مەلۇم مەزھەپ، تەرىقەت، جامائەت، تائىپە ياكى پارتىيە ئۈچۈن جاھىللارچە تەرەپبازلىق، مۇتەئەسسىپلىك قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى مۇتەئەسسىپلىك ئەمالىقتۇر. مۇتەئەسسىپ كىشى ھەق بىلەن ناھەقنى، راستچىللىق بىلەن باتىللىقنى، گۆھەر بىلەن تاشنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەر دائىم ئۆز تەرەپدىكىلەرنىڭلا ئىشى توغرا بولىدۇ. تەبىئىيكى بۇ خىل ئىللەتلىك روھىي ھالەت ئۆز تەرىپىدە بولمىغانلارنى كەمسىتىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇتەئەسسىپلىك قىلماسلىق ھەققىدە: «ياخشى كۆرگەنلىرىڭنى بوشراق ياخشى كۆر، بىر كۈنلەر دۈشمىنىڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. دۈشمەنلىرىڭنى بوشراق دۈشمەن كۆركى، بىر كۈنلەر ياخشى كۆرگىنىڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن»[3] دېگەن.

فەخرۇلئىسلام بەزدەۋىيدىن مۇتەئەسسىپلىك توغرىدا سورالغاندا مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «مەزھەپتە مۇستەھكەم تۇرۇش ۋاجىب، مۇتەئەسسىپلىك جائىز ئەمەس. مۇستەھكەم تۇرۇش دېگەن ئۆز مەزھىپىگە ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى توغرا، ھەق دەپ قاراشتۇر. مۇتەئەسسىپلىك نادانلىق ۋە باشقا مەزھەپتىكىلەرگە رەھىمسىزلىك قىلىشتۇر. مۇتەئەسسىپلىك قارشى تەرەپنىڭ كەمتۈكلۈكىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ ۋە جائىز ئەمەس. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلىمالىرى ھەققىنى ئىزدىگەن ۋە توغرا يول ئۈستىدە بولغان»[4].

---

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى: 34 ـ ئايەت.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى: 159 ـ ئايەت.

[3] ئىبنى ئەبۇ شەيبە مەۋقۇف ھالەتتە (35869 ـ نومۇر)، بۇخارىي «ئەدەبۇل مۇفرەد»تە (1321 ـ نومۇر)، بەيھەقىي «شۇئەبۇل ئىمان»دا (6168 ـ نومۇر) كەلتۈرگەن.

[4] ئىبنى ئابىدىننىڭ «العقود الدرية في تنقيح الفتاوى الحامدية» 2 ـ جىلد، 333 ـ بەت.

يۇقىرىقىلار ئىختىلاپ يۈز بەرگەندە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەب-ئەخلاقلار بولۇپ، مۇنازىرە قىلىۋاتقان ئوبيېكتنىڭ سەۋىيىسىگە قارىتا دىئالوگ ئېلىپ بېرىش، بىرلىككە كېلىنگەن نۇقتىلارنى ئاۋۋال ئىشقا كىرىشتۈرۈش، ئوچۇق-ئاشكارىلىقنى تەشەببۇس قىلىپ ئىختىلاپنى يوشۇرۇپ ئولتۇرماستىن ۋاقتىدا ھەل قىلىش، تەرەپلەر ئارىسىدا ئاۋۋال مۇناسىۋەت باغلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ توغرا چۈشەنمەسلىكلەرنى تۈگىتىش، ئىجابىي تەنقىدنى قوللاش ۋە پىكىرلەرنى سوغۇققانلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش، مەلۇم يامانلىقنى ئىنكار قىلغاندا ئۇسلۇبقا دىققەت قىلىش، شەخس بىلەن تېمىنى ئايرىلاشتۇرىۋالماسلىق، ئوخشاش پىكىردە بولمىغانلارنى دۈشمەن قاتارىغا قويماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى تۆكۈپ سېستىماسلىق، ئىختىلاپ بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە يېزىلغان كىتاب-ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ رېئاللىققا ماس ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىش قاتارلىقلارمۇ ئىختىلاپتىن ئاز زىيان بىلەن قۇتۇلۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئۇسۇللاردۇر.

خۇلاسىلىگەندە، بۈگۈنكى بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەرنى دىننى توغرا چۈشەنمەسلىك، دىننىڭ غايە-مەقسەت، نىشانلىرىنى تولۇق تونۇپ يەتمەسلىك ۋە ئوخشىمىغان قاراشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا دىننىڭ قىممەت قاراشلىرىنى ئۆلچەم قىلماسلىقتىن كېلىپ چىققان، دەپ ئېيتالايمىز. چۈنكى، ئون تۆت ئەسىر بۇرۇن قۇمدەك چېچىلىپ كەتكەن ھالەتتىكى ئەرەب قەبىلىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ بىر بايراق ئاستىغا توپلىيالىغان، دۇنياغا ئۈلگە ئۈممەت بەرپا قىلىپ، دۇنيانى ئۆزگەرتەلىگەن دىننىڭ قىممەت قاراش، ئۆلچەم، يولىيورۇقلىرى شۇ پېتى، ھېچ ئۆزگەرگىنى يوق. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالالايمىزكى، مەسىلە دىننى ھاياتىمىزغا توغرا تەتبىقلىيالمىغان ئۆزىمىزدە. دېمەك، دىننى پىكرىمىزدىكى يوقالغان تەرتىپ ۋە رامكىلارنى تېپىپ چىقىپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىزنىڭ بۇ كىرىزىسلاردىن قۇتۇلۇشىمىزنىڭ ئاساسىدۇر.

—— ئاپتور: ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيەت پەنلىرى ماگىستىر ئاسپىرانتى

بۇ ماقالىنىڭ مۇھەررىرى: ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى

# جەمئىيەت ۋە شەخس ھاياتىدا ئاۋۋاللىق چۈشەنچىسى

مۇھەممەد نۇر ھەمدان

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەختەمجان ھەسەن

ئاۋۋاللىق چۈشەنچىسى يېڭى زامان فىقھىي ئاتالغۇلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، دەۋەتچىلەر ۋە فەقىھلەر دەۋەت، فىقھىي، پەتىۋا، تەبلىغ ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى جامائەتچىلىككە يەتكۈزۈشتە ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر نۇقتىلارنىڭ بىرى. ئاۋۋاللىق-زامان-ماكان ئۆزگىرىشىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا بارلىق زامان ۋە ماكاندىكى كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. پايدا-زىيان توقۇنۇشۇپ قالغاندا ئاۋۋال قايسىنى قىلىش لازىم؟ ئالدىغا چىقىرىشقا قايسى ئەڭ ھەقلىق؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىلىدۇ. تېمىمىزدا مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ تەبىرى، پەيدا بولۇش تارىخى، ھاياتىمىزدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇھىملىق تەرتىپى قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

## 1ـ ئاۋۋاللىق فىقھىسى ئاتالغۇسى:

ئاۋۋاللىق فىقھىسى ـ ئەھكام، قىممەت قاراش، ئىش-ھەرىكەت قاتارلىقلارنى ئادىللىق بىلەن ئۆز ئورنىغا قويغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ۋەھيي نۇرى ۋە ساغلام ئەقلىنىڭ يېتەكلىشىگە تايانغان توغرا، شەرئىي ئۆلچەملەرگە بىنائەن مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇشنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئىشلار ئەھمىيەت دەرىجىسى، ۋەزنى بويىچە ئەڭ مۇھىملىرى ئالدىن قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئالدىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئالدىن، كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار كېيىن قىلىنىدۇ. چوڭغا كىچىكچە، كىچىككە چوڭچە مۇئامىلە قىلىنماي، ھەممە نەرسىگە ئۆز ئورنىغا لايىق، توغرا ئۆلچەم بىلەن مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

ئاۋۋاللىق فىقھىسى دەۋەتچى ياكى فەقىھنىڭ ئۆز جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالى، ئېھتىياجلىرىنى تونۇشىغا ئاساسلىنىدىغان بولۇپ، خەلقنىڭ مەسىلىلىرىنى شۇ ئاساس بويىچە ھەل قىلىدۇ. فەقىھ ئۆز جامائەتچىلىكىنىڭ ئەۋلادى بولغاچ ئىشلارنى جامائەتچىلىك ئىچىدىكى مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە بىردىنبىردىن قىلىشنى بىلىشى كېرەك. ناۋادا شەھەرىدە مەكتەپكە ئېھتىياج بولسا، فەقىھ ياكى دەۋەتچىنىڭ مەكتەپ سېلىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە سۆزلەش ۋە بۇ ئىشنى باشقا ئىشلارنىڭ ئالدىدا قىلىش مەجبۇرىيىتى بار؛ ناۋادا يول ياساشقا ئېھتىياج بولسا كىشىلەرنى يول ياساش ۋە يوللارنى ئوڭشاپ قويۇشقا قىزىقتۇرۇش ۋە بۇ ئىشنى باشقا ئىشلارنىڭ ئالدىغا قويۇش مەجبۇرىيىتى بار؛ ناۋادا جەمئىيەت ئاشقۇنلۇق ۋە چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىشكە مۇپتىلا بولغان بولسا، ئىسلامنىڭ ئوتتۇرا يول تۇتىدىغان، كەڭ قورساق ۋە قولاي دىن ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلىشى كېرەك؛ ناۋادا زۇلۇم، ئىستىبدادلىق، زوراۋانلىق ئايىنىپ كەتكەن بولسا، زۇلۇم، ئىستىبدادلىق ۋە زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇپ، ئادالەتنى بەرپا قىلىش ھەققىدە سۆزلەش كېرەك.

## 2ـ ئاۋۋاللىق فىقھىسى ئاتالغۇسىنىڭ بارلىققا كېلىشى:

«ئاۋۋاللىق فىقھىسى» ئاتالغۇسى زامانىمىزدا بارلىققا كەلگەن ۋە ئاساسلىقى ئەللامە يۈسۈف قەرداۋىي «ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك» ناملىق مەشھۇر كىتابىدا بۇ ئاتالغۇنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ئاتالغۇ قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىمۇ كەلگەن: ﴿أَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ الْحَاجِّ وَعِمَارَةَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ كَمَنْ آمَنَ بِاللَّـهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَجَاهَدَ فِي سَبِيلِ اللَّـهِ لَا يَسْتَوُونَ عِنْدَ اللَّـهِ وَاللَّـهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾ «سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلىشنى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ».[1] مەزكۇر ئايەت مۇئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەمەللەرنىڭ ۋاجىبلىقى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن پەزىلەت جەھەتتە پەرقلىق بولىدىغانلىقى، شۇڭا ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ئەڭ يۇقىرى دەرىجە بولىدىغانلىقى، ھاجىلارغا يېمەك ـ ئىچمەك بېرىش ۋە مەسجىدى ھەرەمنىڭ قۇرۇلۇشىنى قىلىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا پەزىلىتى ئۇلۇغ ۋە ئەھمىيەتلىك ئىش بولسىمۇ، ئىمانغا باراۋەر بولالمايدىغانلىقى؛ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە جىھادقا پۇل چىقىم قىلىش مەسجىدى ھەرەمنىڭ قۇرۇلۇشىنى قىلىش ۋە ھاجىلارغا ئۇسسۇزلۇق بېرىشنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

[1] تەۋبە سۈرىسى: 19 ـ ئايەت.

ھەدىسلەردە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەمەللەرنىڭ بىر دەرىجىدە بولمايدىغانلىقى، بەزى ئەمەللەر يەنە باشقا ئەمەللەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقى، ئىمان شاخچىلىرى ۋە ۋاجىبلارنىڭ بىر مەرتىۋىدە ئەمەس، بەلكى پەرقلىق مەرتىۋىلەردە بولىدىغانلىقى ھەققىدە بايانلار كەلگەن: «ئىمان يەتمىش نەچچە (ياكى ئاتمىش نەچچە) شاخچىدۇر. ئۇنىڭ ئەۋزىلى «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق» دېيىش، ئەڭ ئەقەللىيسى يولدىن ئازار بېرىدىغان نەرسىلەرنى نېرى قىلىۋېتىشتۇر، ھايامۇ ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر».[1] مەزكۇر ھەدىستە ئىمان شاخچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىمان دەرىجىلىرىدىن بولسىمۇ، لېكىن بىر مەرتىۋىدە ئەمەسلىكى بايان قىلىنغان. ئەڭ يۇقىرىسى «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق» دېگەن شاھادەت بولسا، ئازار يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى يولدىن نېرى قىلىۋېتىش، ھايا، راستچىللىق، ئامانەتدارلىق، ئادىللىق، ئىپپەتلىك ۋە سەۋرچان بولۇش، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، بارلىق دىنىي ئىشلارنى ئۇلۇغلاش قاتارلىقلار ئىمان شاخچىلىرى ئارىسىدا بولۇش بىلەن بىرگە مەرتىۋىسى ئوخشاش ئەمەس.

سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ـ «قايسى ئەمەل ئەڭ پەزىلەتلىك؟» دەپ سورالغاندا: ـ «ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىش» دېگەن. ـ «ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟» دېيىلگەندە: «ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش» دېگەن. ـ «ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟» دېيىلگەندە: «خالىس قىلىنغان ھەج» دەپ جاۋاب بەرگەن. ناۋادا بىر كىشى مۇسۇلمانلار سېپىدە ئۇرۇش قىلىپ تۇرۇپ ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتمىغان بولسا، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان ھېسابلانمايدۇ؛ ناۋادا جەمئىيەتنىڭ جىھاد قىلىشقا ئېھتىياجى بار تۇرۇقلۇق ھەج قىلغان بولسا، ئاۋۋاللىق ئۆلچىمىنى بۇزغان بولىدۇ.

ئاۋۋاللىق كىشىگە قارىتا پەرقلىق بولىدۇ. «بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، جىھاد قىلىشقا رۇخسەت سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ـ «ئاتا ـ ئاناڭ ھاياتمۇ؟» دېگەن. ئۇ: ـ «ھەئە» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇ ئىككىسىگە (خىزمەت قىلىش ئارقىلىق) جىھاد قىلغىن» دېگەن. مانا بۇ ئاۋۋاللىق فىقھىسىدىكى مۇھىم كۆرسەتمە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى ۋە ئۇنىڭغا ئىشلىرىنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە جاۋاب بەردى. دېمەك، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، پەرز كۇپايە بولغان جىھادنىڭ ئالدىغا قويۇلغان. بىراق، جىھاد پەرز ئەين بولغان ۋاقىتتا ئايال كىشى ئېرىدىن رۇخسەت ئېلىشقا ئېھتىياجى بولمايدۇ. ناۋادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا باشقا بىرى كېلىپ شۇ سوئالنى سورىغان بولسا، ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك ئىمان، جىھاد، ئارقىدىن ھەج كەلگەندەك ئەمەللەرنىڭ ئاۋۋاللىق تەرتىپى بويىچە باشقا بىر جاۋابنى

[1] «سەھىھ بۇخارى» 9 ـ ھەدىس، «سەھىھ مۇسلىم» 35 ـ ھەدىس.

بەرگەن بولاتتى.

بۇ ھەدىستە دەۋەتچى ياكى فەقىھ سوئال سورىغۇچىنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، مۇھىملىق دەرىجىسى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن جاۋاب بېرىشى كېرەكلىكىگە كۆرسەتمە بېرىلگەن. بەزىلەرنىڭ پۇل-مېلىنى سەدىقە قىلىشى ئەۋزەل بولسا، يەنە بەزىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشى ئاۋۋاللىق نۇقتىسىدىن ئەۋزەلدۇر. شۇنىڭدەك، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى تونۇش ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن سۆزلەش لازىم. مەسىلەن: بايلار مەھەللىسىدە سەدىقىنىڭ پەزىلىتى، بۇزۇپ-چېچىش ۋە ئىسراپچىلىقنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە سۆز قىلسا، قىيىنچىلىق مەزگىللىرىدە گەرچە يۇقىرىقى مەزمۇن مۇھىم بولسىمۇ، ئاۋۋاللىق نۇقتىسىدىن سەۋر قىلىش ھەققىدە سۆز قىلىش كېرەك بولىدۇ. ئەگەر نامرات مەھەللىدە سۆز قىلغاندا، سەۋر ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە سۆزلەش كېرەك بولسا، باياشاتچىلىق مەزگىلىدە يۇقىرىقى مەزمۇن مۇھىم بولسىمۇ، ئاۋۋاللىق نۇقتىسىدىن شۈكۈر ھەققىدە سۆزلەش كېرەك بولىدۇ. دېمەك ئاۋۋاللىق شەخس، رايون، جەمئىيەت ۋە دۆلەتلەرگە قارىتا پەرقلىق بولىدۇ.

1. 3- رېئال ھاياتىمىزدا ئاۋۋاللىق چۈشەنچىسىنىڭ بۇزۇلۇشى:

رېئال ھاياتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي، دىنىي ۋە تەربىيىۋى ئۆلچەملىرىگە ئاۋۋاللىق فىقھىسى نۇقتىسىدىن نەزەر سالىدىغان بولساق، ناھايىتى زور بۇزۇلۇش بارلىقىنى بايقايمىز. ئاۋۋاللىق چۈشەنچىسىنىڭ بۇزۇلۇش شەكىللىرىدىن بىرى ئەللامە قەرداۋىي كىتابىدا تىلغا ئالغاندەك، بەزىلەر مەسچىت بار يەرگە مەسچىت سېلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ياخشىلىق ئۆگىتىپ ھىدايەتكە يېتەكلەيدىغان ۋە ئالىملارنىڭ شەرىئىتىنى ھىمايە قىلىدىغان مەكتەپ سېلىشقا سەل قارايدۇ. بەزىلەر تارماق ياكى ئىختىلاپلىق مەسىلىلەر ئۈچۈن دۈشمەنلىشىپ جېدەل قىلىشقا چۈشۈپ جەڭگاھ قۇرىدۇ-يۇ، ئىسلامنىڭ ئاساسلىق ۋە جىددىي مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. مەسىلەن: سائەتنى ئوڭ قولغا تاقامدۇق-سول قولغىمۇ؟ داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش ۋە ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش كاپىرلارغا ئوخشىغانلىق بولۇپ قالامدۇ-يوق؟ دېگەنگە ئوخشاش تىرىشچانلىق، ۋاقىت، ئېنېرگىيە ئىسراپ قىلىپ جامائەتچىلىكنى بۆلگەندىن سىرت، باشقا جىددىي مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ھەقىقىي ھەجىمگە لايىق بولمىغان رەۋىشتە ئىزدىنىشنى ئەڭ چوڭ غېمى قىلىۋالىدۇ.

ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، تۇغقاندارچىلىق رىشتىسىنى ئۇلاش، خوشنا-خولۇم-خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئاجىز، يېتىم، مىسكىنلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشكە

ئوخشاش ئىجتىمائىي پەرز ـ ۋاجىبلارغا، كۈندىلىك زىكرى ـ تەسبىھلەرگە ئەھمىيەت بەرگەنچىلىك ئەھمىيەت بەرمەسلىك؛ يۇرتىنىڭ ئەۋلادلىرى لاگىرلاردا كىيىم ـ كېچەكسىز، يېمەك ـ ئىچمەكسىز تۇرسا نەپلە ھەج قىلىش؛ مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ئۇرۇشۋاتسا تارماق ئىختىلاپلىق مەسىلىلەرگە كىرىشىۋېلىش؛ دىنىدا مۇھىم مەسىلە بولسىمۇ، بىراق مۇسۇلمانلارنىڭ نۆۋەتتىكى رىئاللىقى، ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك بولغان ئەھۋال ئاستىدا ناماز، زىكرىگە ئوخشاش يەككە ئىبادەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ، چۈشەنچە، ئاڭ يېتىلدۈرۈش كۈرىشى، كىشىلەر ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش، ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىقتا، ئۆز ـ ئارا سەۋر، مەرھەمەتنى تەۋسىيە قىلىشقا ۋە ئادىللىق، كېڭەش، ئومۇمەن ئىنسان ھەقلىرى، خۇسۇسەن ئاجىزلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغداشقا ئوخشىغان ئىجتىمائىي ئىبادەتلەرنى تاشلاپ قويۇش قاتارلىقلار ئاۋۋاللىق چۈشەنچىسى بۇزۇلغانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

### 4ـ شەخس ۋە جەمئىيەت ھاياتىدىكى ئاۋۋاللىق:

ئىسلام شەرىئىتىنى ئىستىقرا (يىغما خۇلاسە) قىلغاندا ئىسلام دىنىنىڭ باشقا ئىشلارغا قارىغاندا ئاۋۋاللىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ ھەقتە چوڭقۇرلىماقچى بولغان كىشى «ئاۋۋاللىق» ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىشى لازىم. بىز تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى بەزى قائىدىلەرنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

1. سۈپەت ساندىن ئاۋۋال: ئىسلام دىنى ئىشلارنىڭ سۈپەتلىك، پۇختا ئىلىپ بېرىلىشىنى ھەجمى چوڭ، سانى كۆپ بولغاندىن ياخشى دەپ قارايدۇ. رەسۇلۇللاھ: «ھەقىقەتەن، ئاللاھ بىرىڭلارنىڭ ئىش قىلغاندا پۇختا قىلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن.[1] سۈپەتنىڭ مۇھىملىقى بەدىر غازىتىدا روشەن ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن. بۇ غازاتتا مۇسۇلمانلار سانىنىڭ ئازلىقىغا قارىماي، ھەقتە ۋە پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، سان جەھەتتە ئۆزلىرىدىن كۆپ بولغان مۇشرىكلارنى مەغلۇپ قىلغان بولسا، ھۇنەيىن غازىتىدا «غەلىبە سانىنىڭ كۆپلىكى ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ» دېگەن خاتا قاراش تۈپەيلى جەڭنىڭ دەسلەپىدە تالاپەتكە ئۇچرىغان ئىدى. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئىشنىڭ سانى ۋە ھەجمىگە قارىغاندا سۈپىتى ۋە لاياقىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. مۇسۇلماننىڭ خۇشۇئ بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇغان ئىككى رەكئەت نامىزى خۇشۇئسىز، بىپەرۋالىق بىلەن ئوقۇغان يىگىرمە رەكئەتلىك نامازدىن ئەۋزەل بولىدۇ. قۇرئاندىكى بىر ئايەتنى چۈشىنىپ ئوقۇپ، ئەمەلىي ھاياتقا تەدبىقلاش چۈشەنمەستىن نۇرغۇن ئايەتنى يادلىغاندىن ياخشى.

[1] ئىمام بەيھەقىي «شعب الايمان» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان، 4931 ـ ھەدىس.

2. ئىلىمنىڭ ئەمەلدىن ئاۋۋاللىقى: ئىلىم ئىشلارنىڭ مۇقەددىمىسى ھېسابلىنىدۇ. ئىنسان ئاۋۋال ئۆگىنىپ، ئاندىن ئۆگەنگىنىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشى كېرەك. ياخشى ئىش قىلىۋاتىمەن دېگەن گۇمان بىلەن دىنغا زىيان سېلىۋاتقان نادان ۋە بىلىمسىزلەر نۇرغۇن. ئۇلار قىلىۋاتقان يامان ئىشنى بىلىمسىزلىكى تۈپەيلى ياخشى ئىش دەپ ئويلايدۇ.

قازىلار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى جەننەتتە، قالغان ئىككىسى دوزاقتا بولىدۇ، بىلىمسىزلىك بىلەن ھۆكۈم قىلغان قازى دوزاقتا بولىدۇ. دەۋەتچىنىڭ دەۋەت ئەھكاملىرىنى بىلمەي تۇرۇپ، دەۋەت يولىغا مېڭىشى جائىز بولمايدۇ. دەۋەتچىنىڭ بىر ئايەتنى ئۆگىنىپ، ئۇنى ياخشى چۈشىنىشى بىلىمسىزلىك بىلەن ئون ئايەتنى باشقىلارغا يەتكۈزگەندىن ياخشى. تېز تەربىيەلەش كۇرسىنى پۈتتۈرگەن نۇرغۇنلىغان دەۋەتچى، قازىلار مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنىڭ بىھۇدە ئېقىشى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ خانىۋەيران بولۇشىغا سەۋەب بولغان. يەنە نۇرغۇنلىغان نادان دەۋەتچىلەر مۇسۇلمان ياشلارنىڭ ئاشقۇنلۇق ۋە زوراۋانلىق يولىغا كىرىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان. قارايدىغان بولساق، خاۋارىجلار سالىھ ئەمەلنى كۆپ قىلغان بولسىمۇ، نادانلىقى، بىلىمسىزلىكى تۈپەيلى ساھابىلەر، فەقىھلەر ۋە كاتتا مۇپەسسىرلەرگە قارشى يول تۇتقانلىقى ئۈچۈن ئېزىپ كەتكەن. بىلىمسىزلىك بىلەن قىلغان كۆپ ئەمەل ئۇلارنى ئېزىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالالمىغان.

3. چۈشىنىشنىڭ نوقۇل يادلاشقا نىسبەتەن ئاۋۋاللىقى: قۇرئاننى چۈشىنىش، ئۇنى تەدبىقلاش، ئايەتلىرىنى تەپسىرلەپ، مەنىلىرىنى ۋە مەقسەتلىرىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈش ھەربىر مۇسۇلماندىن تەلەپ قىلىنىدۇ. خۇسۇسەن، قۇرئاننى ساقلايدىغان زامانىۋى ۋاستىلەر كۆپەيگەن ۋاقىتتا قۇرئاننى چۈشىنىشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم. توغرا، قۇرئاننى يادلاش لازىم. قۇرئان يادلىغۇچىغا ساۋاپ بېرىلىدۇ؛ قۇرئان يادلىغان كىشىگە قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىنىدۇ. ئەمما چۈشىنىپ، بىلىپ يادلاش تېخىمۇ مۇھىم. قۇرئان كۇرسلىرى ياش ئەۋلادلارغا قۇرئاننى يادلىتىش بىلەن بىرگە قۇرئاننى چۈشەندۈرۈشى، مەنىلىرىنى، مەقسەتلىرىنى بىلدۈرۈشى، قۇرئاننى ئەمەلىي ھاياتىغا تەدبىقلاش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىشى لازىم. چۈنكى ئۈممەتنىڭ ئۆلىمالارغا، فۇقەھالارغا ۋە يېتىلگەن دەۋەتچىلەرگە بولغان ئېھتىياجى قارىيلارغا بولغان ئېھتىياجىدىن كۈچلۈك.

4. تەتقىق قىلىش ۋە پىلانلىق ئىش قىلىشنىڭ ئاۋۋاللىقى: پىلانلىق ۋە تەشكىللىك ئىش قىلىش لازىم. پىلانسىز، قارىغۇلارچە ئىش قىلىشقا بولمايدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتى پىلانلىق ۋە رەتلىك ئىدى. ئىسلام دەۋىتىمۇ پىلان ۋە پۇختا تۈزۈلمە ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئىسلام دەۋىتىنىڭ مەككە ۋە مەدىنە ئىككى

باسقۇچقا بۆلۈنگەنلىكى ۋە ھەرقايسى باسقۇچلارغا خاس، مۇناسىپ ھۆكۈملەرنىڭ بولغانلىقى دەۋەتنىڭ پىلانلىق، سىستېمىلىق ۋە پۇختا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. لىدىر بىر ئىشقا يېتەكچىلىك قىلىش ياكى جەڭ مەيدانىغا كىرىشتىن بۇرۇن، ئىشلارنى ئىنچىكە پىلانلاپ، قابىل كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشى، ئۆزى ۋە قارشى تەرەپنىڭ ئاجىزلىق، كۈچلۈك نۇقتىلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى كېرەك.

5. ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش ئۈزۈلۈپ قالغاندىن ئاۋۋال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «داۋاملاشقان ئاز ئەمەل ئۈزۈلۈپ قالغان كۆپ ئەمەلدىن ياخشىدۇر» دېگەن.[1] شۇڭا دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇش، بىر ئاي ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتۇپ ئاخىرىدا ئاجىز كېلىپ بىراقلا تاشلاشتىن، ھەر ئاخشام ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش پۈتۈن بىر كېچە قىيامدا تۇرۇپ ئەتىسىدىن باشلاپ تاشلاپ قويۇشتىن ياخشى. چۈنكى ئاز بولسىمۇ داۋاملىشىپ تۇرغان ئەمەل ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك ئەمەللەر قاتارىدىندۇر.

6. ئۆزگىگە پايدا يەتكۈزىدىغان ئىشتا ئاۋۋاللىق: شەخسنىڭ ئۆزگىلا پايدا تېگىدىغان ئىشتىن، مۇسۇلمانلار پايدا ئالىدىغان ئىشنى قىلىشى ئاۋۋال دۇر. كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش نەپلە ناماز ۋە رامىزاندىن ياخشى. رەسۇلۇللاھ: ــ «ناماز، روزا ۋە سەدىقىدىنمۇ ئەۋزەل ئىشنى دەپ بېرەيمۇ؟ ــ دېگەندە، ساھابىلەر: ــ «بولىدۇ، يا رەسۇلۇللاھ» دېدى. رەسۇلۇللاھ: ــ «كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇش» دېدى ۋە «كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش بولساھالاك قىلغۇچىدۇر» دېدى.[2] رەسۇلۇللاھ كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى ناماز، روزا تۇتۇش ۋە سەدىقە بېرىشتىن ئۈستۈن قويغان. چۈنكى، ئىسلاھات بارلىق مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق، ئەمما نەپلە ئىبادەت بولسا، شۇ نەپلە ئىبادەتنى ئورۇندىغان كىشىگىلا پايدا يەتكۈزىدۇ. يەنە بىر ھەدىستە «ئالىمنىڭ ئابىدتىن ئۈستۈنلۈكى، مېنىڭ سىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەنكىلاردىن ئۈستۈنلۈكۈمگە ئوخشايدۇ»[3] دېيىلگەن. چۈنكى، ئالىمنىڭ ئىلمىدىن نۇرغۇن كىشى بەھرىمەن بولىدۇ. ئەمما ئابىدنىڭ ئىبادىتىدىن ئۆزىلا بەھرىمەن بولىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئومۇمىي خەلققە پايدىسى بولغان ئىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ مۇسۇلمانلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشى، بۇ خىزمەتلەرنى ئۆزگىلا پايدىسى بولىدىغان نەپلە ئىبادەتلەردىن ئەۋزەل بىلىشى كېرەك.

[1] «سەھىھ بۇخارى» 6465 ـ ھەدىس، «سەھىھ مۇسلىم» 783 ـ ھەدىس.

[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان، 4919 ـ ھەدىس، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان، 2509 ـ ھەدىس ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان 4 ـ توم،444 ـ بەت.

[3] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ۋە «ھەسەن ھەدىس» دەپ باھالىغان.

7. پىتنە زامانىدا ئەمەلنىڭ مۇھىملىقى: جەمئىيەت پىتنە ۋە سىياسىي داۋالغۇش يۈز بېرىۋاتقان مەزگىللەردە كىشىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ بېرىدىغان، توغرا - خاتانى تونۇتىدىغان ئالىملارغا، فەقىھلەرگە ۋە دەۋەتچىلەرگە موھتاج. پىتنە زامانىدىكى ئەمەل ھەقىقىي جىھاد ھېسابلىنىدۇ. ھەدىستە ئۇتتۇرىغا قويۇلغان «پىتنە زامانىدا ئۆزىنى چەتكە ئېلىش كېرەك»[1] دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، ئۇنىڭدا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى توغرا - خاتا مەسىلىسى ئارىلىشىپ كەتكەنلىكتىن، قايسى تەرەپنىڭ ھەق قايسى تەرەپنىڭ ناھەق بىلگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن ئەھۋال كۆزدە تۇتۇلغان. ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى توغرا - خاتانى ئايرىش مۇمكىن بولغان ۋاقىتتا مۇئمىندىن ئەمەل قىلىش ۋە ئەڭ ئاخىرىغا قەدەر ھەق تەرەپتە تۇرۇش، ھەق تەرەپكە ياردەم بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەققە ياردەم بېرىشكە قادىر بولالمىغاندا، مۇنكەرنى قەلبى بىلەن ئىنكار قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

8. پەرز ئەيىن پەرز كۇپايىدىن ئاۋۋال.

9. جامائەتنىڭ ھەق - ھوقۇقى شەخسنىڭ ھەق - ھوقۇقىدىن ئاۋۋال: ئومۇمىي مەنپەئەت شەخسىي مەنپەئەتتىن ئاۋۋال. جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى بىلەن شەخسنىڭ مەنپەئەتى توقۇنۇشقاندا، جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى شەخسنىڭ مەنپەئەتىنى نابۇت قىلماسلىق شەرتى بىلەن ئالدىغا قويۇلىدۇ. چۈنكى، جەمئىيەتنىڭ ۋە كوللىكتىپنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرى قوغدالغاندىلا، شەخسنىڭ مەنپەئەتى قوغدىلىدۇ ۋە كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

مانا بۇلار دىنىي ئورگانلار ۋە دەۋەت مەركەزلىرى رىئايە قىلىش زۆرۈر بولغان ئىشلارنىڭ ئاۋۋاللىق پرىنسىپى بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا بىر قانچىلىغان پەرز ۋە ۋاجىب ئەمەللەر ئوتتۇرىغا چىققاندا، شۇ بويىچە ئەمەل قىلىش لازىم. دەۋەتچىلەر ۋە فەقىھلەر دەۋەتتە بۇ قائىدىلەرنى ياخشى چۈشىنىپ، توغرا تەدبىقلىشى كېرەك. مانا بۇ، ئىسلاھاتنىڭ جەمئىيەتتە ئەمەلىيلىشىشى، ئاسمان ۋە زېمىندا قوبۇل كۆرۈلۈشى ئۈچۈن ئۆلىمالاردىن تەلەپ قىلىنغان ھېكمەتتۇر.[2]

—— تەرجىمە قىلغۇچى: ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىلاھىيەت پەنلىرى ماگىستىر ئاسپىرانت

بۇ ماقالىنىڭ مۇھەررىرى: ئابدۇلئەھەد ھاپىز

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى ئىسلام فىقھىسى بويىچە دوكتور ئاسپىرانتى، زەھرا ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى. ماقالە «المقاربات» پەسىللىك ژورنىلىنىڭ 2020 - يىللىق 7 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئېلىپ بارغان بىر قىسىم پائالىيەتلىرى

## بسم الله الرحمن الرحيم

الحمد لله رب العالمين والصلاة والسلام على خاتم المرسلين المبعوث رحمة للعالمين وعلى آله وأصحابه أجمعين. أما بعد...

### «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» قانداق ئورگان؟!

بۈگۈن مۇسۇلمانلار تارىختىكى ئەڭ زۇلمەتلىك ۋە كىرىزىسقا پاتقان بىر دەۋردە تۇرماقتا. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئۆلىمالارنىڭ بۈگۈنكى ۋەزىپىسى باشقا ھەر قانداق چاغدىكىدىن ئۇلۇغ، تېخىمۇ مۇھىم ۋە تەخىرسىزدۇر. پۈتۈن ئۇيغۇرلار دۈچ كېلىۋاتقان ھايات-ماماتلىق خىرىسلار ۋە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار دۈچ كەلگەن دىنىي ۋە مىللىي تەھلىكىلەرنى نەزەرگە ئالغاندا، ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىنىڭ ئۆز خەلقىگە قارىتا يېتەكچىلىك، كۆۋرۈكلۈك ۋە مەشئەللىك رولى غايەت دەرىجىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۇقىرىقىدەك ئېغىر ۋە شەرەپلىك تارىخىي مەجبۇرىيەت ۋە بۇرچنى ھېس قىلغان؛ دىنى ۋە مىللىتىگە سادىق بىر تۈركۈم شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالىرى ئۆزلىكىدىن تەشكىللىنىپ، 2016-يىلى 1-ئاينىڭ 15-كۈنى ئىستانبۇلدا يىغىن چاقىردى ۋە ئۇدا ئۈچ كۈن مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە چۈشكەن دىنىي ۋە مىللىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش مەقسىتىدە «شەرقى تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى»نى قۇرۇپ چىقتى.

بىرلىكىمىز قۇرۇلغان قىسقىغىنە تۆت يىلدىن بۇيان ئۆز خەلقىگە يېقىن تۇرۇپ، ئۇلار دۈچ كەلگەن دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، شۇنداقلا ئائىلە-نىكاھ ۋە ئۆز ئارا مۇئامىلە... قاتارلىق مەسىلىلەردە ئۇلارغا يول كۆرسىتىش، مەسلىھەت بېرىش، سۆلھى قىلىش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ مۇراجىئەتگاھىغا ۋە مۇھاجىرەت ھاياتىغا مەنە قوشۇۋاتقان ئىشەنچلىك بىر ئورگانغا ئايلاندى.

«شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» ئىلىم-مەرىپەت، دەۋەت ۋە پەتىۋا قاتارلىق... ساھەلەردە خەلقىمىزنىڭ خىزمىتىدە بولىدىغان تەرەپسىز ۋە مۇستەقىل بىرجەمئىيەت. جەمئىيىتىمىز يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە يېڭىدىن پەيدا بولغان دىنى مەسىلىلەرگە قارىتا تەتقىقات ئېلىپ

باردۇ. ۋەتىنىمىزنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرى ئارقىلىق خالىس خىزمەت قىلىشقا تىرىشىدۇ. دۇنيادىكى پۈتۈن ئۆلىمالار، خۇسۇسەن تۈركىستان ئۆلىمالىرى ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئورتاقلىقى تۇرغۇزۇشقا تىرىشىدۇ، شۇنداقلا ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىردىنبىر ئىشەنچلىك دىنىي ئورگىنى بولۇشقا كۆچەيدۇ. ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ يولىنى تۇتقان بارلىق دەۋەتچى، ئىلمىي خىزمەت قىلغۇچى شەخس ۋە جەمئىيەتلەر بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىدۇ.

## «ئۆلىمالار بىرلىكى»نىڭ مەركىزى:

«بىرلىك»نىڭ ھازىرقى مەركىزى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە بولۇپ، ئېھتىياج بولغاندا ۋە ياكى ئالاھىدە بىر ئەھۋال ئاستىدا جەمئىيەت مەسئۇللىرىنىڭ قارار ئېلىشى بىلەن مەركەزنىڭ ئورنى ئۆزگەرتىلىدۇ ياكى شۆبىسى ئېچىلىدۇ.

## قۇرۇغۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەيدانى:

بىرلىكنىڭ قۇرۇغۇچىلىرى شەرقىي تۈركىستانلىق «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» يولىنى تۇتقان ئۆلىمالار بولۇپ، قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئاساسى تايانچ قىلىدۇ، شۇنداقلا دىنىي پىكىردە ئوتتۇراھاللىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

پىقھىي مەسىلىلەردە مەشھۇر تۆت مەزھەب ئىماملىرىنى ئورتاق ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قۇرئان، ھەدىس، ئىجما ۋە قىياستىن ئىبارەت ھۆكۈم خۇلاسىلەش يوللىرىغا ئەگىشىدۇ. شۇنداقلا پەيغەمبىرىمىز، ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە تۇتىدۇ ۋە ئىجتىھاد دەرۋازىسىنىڭ قىيامەت كۈنىگىچە ئوچۇق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

## قۇرۇلۇش مەقستى:

1. شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر، جۈملىدىن خەلقئارالىق ئىسلامى مەسىلىلەر ھەققىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋە ئۆلىمالىرىنىڭ مەۋقەسىنى بايان قىلىش ۋە ئورتاق پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىش.

2. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلامىي كىملىكىنى قوغداش ۋە ئۇنى ئىسلام دۇنياسىغا تونۇتۇش، شۇنداقلا ئورنىنى مۇستەھكەملەش.

3. شەرقىي تۈركىستان خەلقى دۈچ كەلگەن ھەر ساھە قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش.

4. شەرقىي تۈركىستانلىق ئۆلىمالار، مۇتەپەككۇرلار ۋە زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش.

5. ئىسلام دىنىنى ھەقىقىي ماھىيىتى بويىچە ئۇيغۇر خەلقىگە يەتكۈزۈش.

6. ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسىگە زىت بولغان ئېقىملار ۋە خاتا چۈشەنچىلەرگە تۈزىتىش بېرىش.

7. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەق - ھوقۇقى، دىنىي كىملىكىنى ساقلاش.

8. شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالىرىنىڭ خەلقئارادىكى مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش.

## خىزمەت دائىرىسى:

بىرلىكىمىزنىڭ خىزمەت تەقسىماتى تۆۋەندىكىچە:

1- پەتىۋا ۋە شەرئى مەسىلەھەت گۇرۇپپىسى: ھەر پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە تولۇق بىر كۈن ئۆلىمالار بىرلىكى مەركىزىدە ئەڭ ئاز بەش ئۆلىمادىن تەركىب تاپقان بۇ گۇرۇپ خەلقىمىزنىڭ يۈزتۇرانە ياكى تېلېفون ئارقىلىق سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىدۇ. شۇنداقلا، ئەر- ئايال ئوتتۇرىسىنى ئىسلاھ قىلىدۇ. تىجارەت ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى تالاش-تارتىشلارنى ھەل قىلىدۇ ۋە سۈلھى قىلىدۇ.

2- دەۋەت گۇرۇپپىسى: دەۋەت گۇرۇپپىسى 20 گە يېقىن ئۆلىمادىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، مۇھاجىرەتتىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ دىنى جەھەتتىكى ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن ئىستانبۇلنىڭ سەپاكۆي رايونىدا ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم تەبلىغ دەرسى ئېلىپ بېرىشتىن باشقا، زەيتىنبۇرنۇ، سەپاكۆي ۋە سەلىم پاشا قاتارلىق رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارغا يۈزتۇرانە ۋەز-نەسىھەت ۋە تەبلىغ، دەۋەت ئېلىپ بارىدۇ. تېلېۋىزور، فېيسبۇك، يۇتيۇب قاتارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا قەرەللىك ھالدا دىنىي دەرس ۋە تەبلىغلەرنى تارقىتىدۇ.

3- تەلىم تەربىيە گۇرۇپپىسى: ئۇنىۋېرسىتېتلاردا دىنىي بىلىملەردە ئوقۇۋاتقان

ئوقۇغۇچىلارغا شەرئى پەنلەردىن دەرس بېرىش، تۈركىيەدىكى قۇرئان كۇرسلىرى ۋە مەدرىسىلەرگە ئوقۇشلۇق پروگراممىسى تەييارلاش، سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقپىنىڭ ھەمكارلىقىدا تۈركىيەنىڭ ھەرقايسى رايۇنلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىنى ۋە مىللى جەھەتتىن يېتىلىشىگە ھەسسە قوشۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قىلىدۇ.

4 ـ تەتقىقات گۇرۇپپىسى: تەتقىقات گۇرۇپپىسىدا 20 گە يېقىن ئۆلىما بولۇپ، بۇ گۇرۇپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلامىي كىملىكىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىش، ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن دىنىي ۋە مىللىي تەلىم ـ تەربىيە پروگراممىسى تەييارلاپ خەلققە سۇنۇش ۋە خەلقىمىز دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى مەسىلىلەر ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش قاتارلىق بىر قىسىم مۇھىم خىزمەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ.

5 ـ مېدىيە ۋە تەشۋىقات گۇرۇپپىسى: بۇ گۇرۇپ شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىگە قاراشلىق http://http//www.olimalartv.com/، http:// olimalar.org ۋە ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ فېيسبۇك بېتى... قاتارلىق ئىجتىمائى ئۈچۈر ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ دىنى، ئىلمىي ۋە سىياسىي تەشۋىقات ساھاسىدە خىزمەت قىلىدۇ.

6 ـ بايانات گۇرۇپپىسى: شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان زۇلۇم ۋە قىرغىنچىلارغا قارىتا بايانات ئېلان قىلىش ئارقىلىق بۇ زۇلۇمنى ئىسلام دۇنياسى ۋە خەلقئاراغا يەتكۈزۈش. بەزىبىر ئىنچىكە ۋە مۇھىم مەسىلىلەردە ئۆلىمالار بىرلىكى نامىدىن بايانات ئېلان قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قىلىدۇ.

7 ـ «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» ئىشخانىسىدا قىلىنىۋاتقان خىزمەتلەر: ئىستانبۇلنىڭ سەپاكۆي رايۇنىغا جايلاشقان «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» مەركىزىدە ئىستانبۇلدىكى ئەزالار ھەر ئايدا بىر قېتىم ئۇچرىشىپ، ھازىرقى ۋەزىيەتتە مۇھىم دەپ قارالغان ياكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەردە بەس ـ مۇنازىرە ئېلىپ بارىدۇ. شۇنداقلا ئىستانبۇلدىكى ھەر قايسى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇۋاتقان، ئالاھىدە تەربىيەلەش مەقسەت قىلىنغان 40 نەپەر ئوقۇغۇچىغا ئايدا بىر قېتىم ئالاھىدە ئۇستاز چاقىرتىپ مەخسۇس دەرس ۋە لىكسىيەلەر ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ھەر شەنبە كۈنى ئىستانبۇلدا ئوقۇۋاتقان بىر قانچە قىز ئوقۇغۇچىغا ھەدىستىن دەرس بېرىلىدۇ، ھەر پەيشەنبە كۈنى خەلقىمىزنىڭ سوئاللىرىغا يۈز ـ تۇرانە جاۋاپ بېرىش ۋە شەرئىي مەسلەھەت كۆرسۈتۈش قاتارلىق خىزمەتلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ.




«شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى»نىڭ 6 ـ قېتىملىق شۇرا يىغىنى 2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە تۈركىيەنىڭ ئالانيا شەھرىدە ئېچىلدى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى قۇرۇلغاندىن بېرى، يىلدا ئىككى قېتىم «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» شۇرا يىغىنى نامىدا چوڭ يىغىن ئۆتكۈزۈپ كىلىۋاتقان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ 6 ـ قېتىملىق شۇرا يىغىنى 2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە تۈركىيەنىڭ ئالانيا شەھرىدە ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا تۈركىيە ئىچى ۋە سىرتىدىن 70 تىن كۆپرەك شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى ئىشتىراك قىلدى. يىغىنىنىڭ 1 ـ كۈنىدە بىرلىك ئىچىدىكى ھەرقايسى گۇرۇپپىلارنىڭ مەسئۇللىرى ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان خىزمەتلەر ھەققىدە دوكلات بەردى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۈگۈنكى دىنىي ۋە سىياسىي ۋەزىيىتى، خەلقىمىزنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىلەر، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، تەشكىلات ۋە مەنسۇبىيەت قاتارلىق تېمىلاردا جىددى مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى.

2 ـ كۈنىدە، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ تېخىمۇ جانلىنىشى ئۈچۈن «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» يەنە نېمىلەرنى قىلىشى كېرەك؟ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى ئىسلام ۋە ئەرەب دۇنياسىدا قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ئاكتىپ ھالغا ئەكەلگىلى بولىدۇ؟ ئىزباسار ئۆلىمالارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟ دېگەن تېمىلاردا جىددى مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. كېيىن يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئايرىم ـ ئايرىم گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ئالدىمىزدىكى بىر يىللىق خىزمەت نىشانى ۋە تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە بۇ تەكلىپلەرنىڭ بىر قىسمى رەھبەرلىك تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، خىزمەت كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى.






2018 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتۇر ئاتائۇللاھ شاھيار ۋە مۇئاۋىن رەئىسى ئۇستاز سىراجىددىن ئەزىزى باشچىلىقىدىكى بىر ھەيئەت تۈركىيە دىيانەت ئىشلىرى باشقارمىسىنى زىيارەت قىلدى.

زىيارەت جەريانىدا، دىيانەت ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دوكتۇر سەلىم ئارگۇن، دىيانەت ئىشلىرى باشقارمىسى رادىئو تېلېۋىزىيە بۆلۈمى باشلىقى مۇستاپا چۇھادار، تەلىم تەربىيە بۆلۈمى مەسئۇلى سۇئات ئوقۇيان، تۈركىيە دىيانەت ۋەخپىنىڭ باش مۇدىرى مۇھەممەد ساۋاش پولات، ستراتېگىيە ۋە تەتقىقات بۆلۈمى مۇدىرى زەلىھا ساغلام خانىم

قاتارلىق مەسئۇللارنى ئايرىم-ئايرىم زىيارەت قىلدى.

زىيارەت جەريانىدا يەنە شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنى تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلدى. زىيارەت جەريانىدا يەنە، تۈركىيەدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، خەلقئارالىق ئىمام خاتىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ۋە تۈركىيەنىڭ ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ئىسلام بىلىملىرى فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا ياتاق ۋە ئوقۇش ياردەم پۇلى تەلەپ قىلىش، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تۈركىيەدە ئوقۇش ئارزۇسى بولغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى خەلقئارالىق ئىمام خاتىپ مەكتەپلىرىگە قوبۇل قىلىش ئىشلىرىدا ھەمكارلىشىش، تۈركىيە دىيانەت ئىشلىرى باشقارمىسى نەشرىياتى ۋە دىيانەت رادىئو تېلېۋىزىيەسى بىلەن دەۋەت ۋە تەشۋىقات ساھەلىرىدە ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىشتىن ئىبارەت بىر قانچە تۈرلۈك مەسىلىلەر ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى.

.........................................



2019-يىلى 1-ئاينىڭ 7-كۈنى مالايسىيا زىيارىتىنى باشلىغان «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى»، «شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى»، «ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى» ۋەكىللىرى، 2019-يىلى 10-ئاينىڭ 8-كۈنى، مالايسىيا دىيانەت ئىشلىرى باشلىقىنى ئىشخانىسىدا زىيارەت قىلدى.

زىيارەت جەريانىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار دۇچ كېلىۋاتقان دىنىي بېسىم ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى.




مالايسىيا زىيارىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى»، «شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى» ۋەكىللىرى 2019-يىلى 1-ئاينىڭ 9-كۈنى، مالايسىيا خەلقئارالىق ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىسلامىيلاشتۇرۇش مەركىزى رەئىسى پروفېسسور دوكتۇر ئەكمەل ھۇزەيرىنى ئىشخانىسىدا زىيارەت قىلدى.

زىيارەت جەريانىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار دۇچ كېلىۋاتقان دىنىي بېسىم ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلدى. شۇنىڭدەك، خەلقئارالىق ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى جامەسىدە شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ئاڭلىتىلىدىغان ۋە مەركەزگە قاراشلىق جامەلەردە جۈمە كۈنى شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە خۇتبە ئوقۇلىدىغان بولدى.

..........................................



## ئۆلىمالار بىرلىكى ئۇستاز جۇببەلى ئەھمەدنى زىيارەت قىلدى

01 ـ ئىيۇن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىدىن تەشكىللەنگەن بىر ھەيئەت مەشھۇر ئالىم، دەۋەتچى ئۇستاز جۇببەلى ئەھمەدنى ئىشخانىسىدا زىيارەت قىلدى.

زىيارەتتە، خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنسانى قېلىپىدىن چىققان دىنى چەكلىمە، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان سىياسى باستۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىقلار تونۇشتۇرۇلدى ھەمدە ئۇستاز جۇببەلى ئەھمەدكە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ھازىرقى مەۋجۇت ۋەزىيەت ئەھۋالى بايان قىلىنغان «شەرقىي تۈركىستان قان يىغلاۋاتىدۇ» ناملىق كىتاب ھەدىيە قىلىندى.

زىيارەتتە يەنە خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىۋاتقان دىنى چەكلىمە، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان باستۇرۇش سىياسىتىگە قانداق قارشى تۇرۇش، قانداق توختۇتۇش ھەمدە تۈركىيە بىلەن خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلىششىغا ئەگىشىپ تۈركىيىدىكى سىياسىي پائالىيەتچىلەرنىڭ پائالىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىش خەۋپى ھەققىدىمۇ پىكىر ئالماشتۇرۇلدى.



شەرقىي تۈركىستان ھەيئىتى كۇۋەيت مىللىي مەجلىسنى زىيارەت قىلدى

«شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» مۇئاۋىن رەئىسى ئۇستاز سىراجىددىن ئەزىزى، «شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى» ۋە مائارىپ جەمئىيىتى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان، ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ دەۋەت گۇرۇپپىسى ئەزالىرىدىن ئۇستاز ھەبىبۇللاھ كۇسەنى ۋە مەھمۇتجان داموللام قاتارلىقلاردىن تەشكىل قىلغان بىر ھەيئەت، بۈگۈن كۇۋەيت مىللىي مەجلىسى ئەزاسى ۋە كۇۋەيت «ئۈممەت پرىنسىپلىرىنى قوغداش جەمئىيىتى» باش كاتىپى دوكتور مۇھەممەد ھايىف ئەلمۇتەيرىنى مەجلىستىكى خىزمەت ئىشخانىسىدا زىيارەت قىلدى.

دوكتور مۇھەممەد ھايىف ئەلمۇتەيرى كۇۋەيت مىللەت مەجلىسىدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى بىر قانچە قېتىم كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كەلگەن كىشى بولۇپ، ھەيئەت ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى قوللىغانلىقى ۋە زالىمغا قارشى مەزلۇمنىڭ يېنىدا بولغانلىقى ئۈچۈن رەھمىتىنى بىلدۈردى.






«شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» قاتار زىيارىتى ھەيئىتى، قاتار زىيارىتى جەريانىدا ئەلجەزىر بىۋاستە تارقىتىش قانىلىدا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە 45 مىنۇتلۇق بىر پروگىراما قىلىندى.

بۇ پروگىراممىدا مەھمۇدجان داموللام ۋە ھېبىبۇللاھ كۆسەنىي شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئاڭلاتتى.





قاتار ئۇنىۋېرستېتى ۋىجدان مەدەنىيەت مەركىزىدىكى ياشلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئىجتىمائى ئۇچۇر ۋاستىلىرى ۋە مېدىيادا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى ياڭرىتىش دولقىنى قوزغاش ھەققىدە مۇزاكىرە يىغىنى ئېلىپ بېرىلدى.





«شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» هەيئىتى گوللاندىيەدىكى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتى» رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى.

«شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» رەئىسى دوتسېنت دوكتۇر ئاتاۋۇللاھ شاھيار باشچىلىقىدىكى بىر هەيئەت 2018-يىلى 9-ئاينىڭ 10-كۈنى، گوللاندىيەدىكى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتى»دە جەمئىيەت مەسئۇللىرى ۋە گوللاندىيەدىكى ئۇيغۇر جامائەتلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇچرىشىش جەريانىدا رەئىس دوتسېنت دوكتۇر ئاتاۋۇللاھ شاھيار «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» نېمە ئۈچۈن تەسىس قىلىندى؟ دېگەن تېمىدا سۆز قىلىپ، ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ قۇرۇلۇش باسقۇچى، نېمە سەۋەبتىن قۇرۇلغانلىقى ۋە هازىرقى ئېلىپ بېرىۋاتقان خىزمەتلىرى هەققىدە توختالدى. دوكتۇر شاھيار سۆزىدە يەنە: «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى»نىڭ بىتەرەپ، مۇستەقىل بىر تەشكىلات ئىكەنلىكى تەكىتلەپ ئۆتتى. شاھيار سۆزىدە يەنە ئۆلىمالار بىرلىكى هەيئىتىنىڭ ياۋروپادىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلار بىلەن تونۇشۇش ۋە بولارغا قارىتا دىنى خىزمەتنى قانداق ۋە قايسى شەكىلدە ئېلىپ بېرىش هەققىدە مۇزاكىرىلىشىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. ئاخىرىدا «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» پەتىۋا بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى دوكتۇر ئالىمجان بۇغدانىڭ پەتىۋا-شەرئى مەسلىھەت بۆلۈمىنىڭ قىلىۋاتقان خىزمەتلىرى ۋە خىزمەت مېتودىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇچرىشىش گوللاندىيە «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتى» ئەزاسى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى ئۇستاز ئابدۇراخمان قاراجىمنى ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ گوللاندىيە ۋەكىلى قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىنى ئېلان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتى.



# كاتتا خۇشخەۋەر!!!

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ قۇرغۇچى ئەزاسى، خەلقىمىزنىڭ ئىپتىخارلىق، ئىستىداتلىق، مول - ھوسۇللۇق ئۆلىماسى ۋە يازغۇچىسى مۇھەممەد يۈسۈپ قارىھاجىم «قۇرئان كەرىم» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىدى...




**پات يېقىندا ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنۇلىدۇ...**